لوقمانجان ھىرائى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# تىل-ئەدەبىيات

3-قىسىم



ھىرا مائارىپ نەشرىياتى

لوقمانجان ھىرائى

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# تىل-ئەدەبىيات

ھىرا مائارىپ نەشرىياتى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: نىجات ئۈمىدۋار
بەتچىك: نىجات ئۈمىدۋار
كوررىكتور: مەھبۇبە مۇھەممەتئىمىن
مۇھەررىرلەر: ھىرا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى ئانا تىل ئوقۇتقۇچىلار گۇرۇپپىسى

ھىرا مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
2020- يىلى 4- ئاي

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت مەسىلىسى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر تىلىمىزنى ھەر قايسى جەھەتتىن ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەر بىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتىدۇر.

دەل بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن  مۇھاجىرەتتىكى مەرىپەتپەرۋەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى پەرزەنتلىرىنى ئۇيغۇر ئانا تىلى بويىچە ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە شۇنداقلا دەسلەپكى باسقۇچى ئۇيغۇر ئانا تىلى بويىچە تەربىيىلىنىپ، ئاندىن دۆلەت مەكتەپلىرىگە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر قايسى پەنلەردىكى  ئومۇمىي نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇنجى ئاساسىنى ئانا تىلدا سېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە.

دېمىسىمۇ، ھەر قانداق بىر ئادەم قىتئەلەرنى ئاتلاپ، ئوكيانلاردىن ھالقىسىمۇ يەنىلا تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرى تۇنجى چىققان ئانا تىلدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئانا تىلغا باي، يېزىق ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا مول بولغان كىشىلەرنىڭ چۈشۈنۈش ۋە چۈشەندۈرۈش ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاندا ھەر قانداق بىر ئادەم مەيلى دۇنيانىڭ قەيەرىگىلا بارمىسۇن، يېتەرلىك دەرىجىدە ئانا تىل ئاساسىنى  پۇختىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر بىر ئەھۋال.

ۋەتەندە مىللىي مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ئېغىر خىرىسقا دۇچ

كېلىۋاتقان نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ھېچ بولمىغاندا كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولغان بالىلىرىمىز ئۇيغۇر ئانا تىلىنى پۇختا ئىگەللىشى كېرەك.

مۇشۇ نوقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا مۇھاجىرەتتە تۈزۈلگەن بىر قانچە كىتاب- ماتېرىيال بالىلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى يامان ئەمەس قامداپ كەلگەندى. لېكىن ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرىلىشىشىغا ئەگىشىپ پەرزەنتلىرىمىزگە ماس ھالدىكى كىتاپلار يېتەرسىز بولۇش ئەھۋالى ئوتتۇرغا چىقىپ، بالىلارنىڭ سەۋىيەسىگە ماس ھالدىكى بىر كىتاپقا زور دەرىجىدە ئېھتىياجىمىز تۇغۇلغاچقا، مەزكۇر كىتابىمىز تىل-ئەدەبىيات ئاساسىنى مەلۇم دەرىجىدە پۇختىلاپ بولغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ تۈزۈلدى.

كىتاپ 6 باپتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ھەر بىر باپتا پەرزەنتلىرىمىز ئۆزىنىڭ يېشىغا نىسبەتەن ئىگەللىشى زۆرۈر بولغان ئىدىيەلەر كىرگۈزۈلدى. 14 ئەسىردىن بېرى ئىسلام ئىدىلوگىيىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا مىراسلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، كيىنكى ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋاكسىنا قىلىپ ئەملەشنى ئالاھىدە نىشانى قىلغاچقا، ھەر بىر دەرس ۋە كۆنۈكمىلەردە بۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بېرىلدى.

ھەر بىر باپ ئۈچ چوڭ دەرس ۋە بىر كىچىك دەرستىن تەركىپ تاپقاندىن سىرت، "ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى" تېمىسىدا ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى كىرگۈزۈلدى. "ئاساسي مەشىق"قىسمى ئۆتۈلگەن ئۈچ دەرسنىڭ ئومۇمي

تەكـراری سـۈپـىتىدە كىرگـۈزۈلـۈپ، دەرس ئۆزلەشـتـۈرۈش سـۈپـىتىنى يـۇقـىری كۆتـۈرۈش مەقسـەت قىلىنـدى.

ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى بىلـەن تاغ-داۋانلاردىـن بىر-بىرلـەپ ئېشـىپ،كىتابىمىزنىڭ بـۇ قىسـمى بىلـەن دىدارلىششـقا مۇيەسسـەر بولـدۇق. يوللار ئەگرى-توقـاي، مۈشـكۈل ۋە جاپالىـق بولسـىمۇ، غەيـرەت ۋە شـىجائەت بىلـەن كېيىنكـى قىسـمىنى يەنـە خەلقىمىـز بىلـەن يـۈز كۆرۈشـتۈرۈشـكە تىرىشـىمىز.

ئىنشائاللاھ، قىلغـان ئازغىنـە ئەمگىكىمىزنى مېھرىبـان ئاللاھنىڭ دەرگاھىـدا قوبـۇل بولۇشـىنى تىلەيمىز.

ئەلۋەتتـە ئىنسـان بولـۇش سـۈپىتىمىز بىلـەن كەمچىلىكلەردىـن خالىـي ئەمەسـىمىز. سـەھۋەنلىكلەر ئەلۋەتتـە بـار. ھـەر ۋاقىـت قېرىنداشـلىرىمىزنىڭ سـەممىي تەكلىپ-پىكىرىگـە نىسـبەتەن قولـۇم كۆكسـۈمدە.

ھۆرمەت بىلەن: لوقمانجان ھىرائى

2020- يىلى 4- ئاينىڭ 13- كۈنى (ئىستانبۇل)

# مۇندەرىجە

## 1- بۆلەك: يېشىل لىباس


1- دەرس: بىزنىڭ مەكتەپ ............................ 12

2- دەرس: تىمتاس سازلىق................................. 15

3- دەرس: بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى............................ 18

ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى........................ 21

ئىشلەپ بېقىڭلار................................. 22

ئاساسى مەشىق................................... 24

ماتېرىيال خالتىسى............................... 26


## 2- بۆلەك: غۇرۇرۇم سەن گۈزەل ۋەتىنىم


4- دەرس: قەشقەرنىڭ توپىسى........................... 30

5- دەرس: ئىككى دۇنيالىق ۋەتەن........................ 34

6- دەرس: پەخىرلىك ئۇستاز................................. 38

ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى........................ 42

ئىشلەپ بېقىڭلار................................. 44

ئاساسى مەشىق................................... 45

تەھلىل ۋە مۇلاھىزە............................... 47

سېغىنىدىم ۋەتەن................................ 48

دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كىرۇزو............. 49


## 3- بۆلەك: ئۇنتۇلماس ئىزلار


7-دەرس: ئەتىدىكى ئىشلار................................ 53

8- دەرس: ئاكا- ئۇكا مۇسابايلار.......................................58
9- دەرس: نۇرلۇق مەشئەل.................................................63
ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى......................................................67
ئىشلەپ بېقىڭلار.............................................................71
ئاساسى مەشىق.............................................................73
يېزىقچىلىق مەشىقى........................................................75
5- ئىيول ۋەقەسى.............................................................76
ئوقۇدى- ئاشتى...............................................................77

**4- بۆلەك: بۈرۈننىڭ بۈرنىسىدا**

10- دەرس: ھەقىقەتنى تاپقان خەلق...........................................79
11- دەرس: چىن تۆمۈر باتۇر.................................................86
12- دەرس: ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك...................................92
13- دەرس: ئېتىقاد بىلەن مەنپەئەت.........................................102
ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى......................................................108
ئىشلەپ بېقىڭلار.............................................................109
ئاساسى مەشىق.............................................................110
ئەدەبىيات باغچىسى.........................................................114

**5- بۆلەك: پەن- تېخنىكا دۇنياسى**

14- دەرس: تۇنجى قەدەم.......................................................117
15- دەرس: ئىلھام بۇلاقلىرى..................................................123
16- دەرس: چاقپەلەك ياساش..................................................128

ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى..........................................132

ئىشلەپ بېقىڭلار.................................................134

ئاساسىي مەشىق....................................................136

ماتېرىيال خالتىسى................................................139


**6- بۆلەك: ئەسلىمە ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىمىز**


17- دەرس: كانىۋاي كۆڭلەك.......................................142

18- دەرس: ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئارانى...........................144

19- دەرس: ئوغلاق تارتىشىش.......................................146

ئۇيغۇرتىلى بىلىملىرى..........................................149

ئىشلەپ بېقىڭلار.................................................150

بالىلارغا نەسىھەت................................................151

ئاساسىي مەشىق....................................................152

مەدەنىيەت باغچىسى..............................................155

سۆزلەرگە ئىزاھات................................................158






# شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى

ئەركىنلىك يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قېنىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز، پىدا بولسۇن جېنىمىز.

قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ ئاخىرى بولدۇق ئازاتلىق،
قەلبىمىزدە بار بولغاچقا ئىتتىپاق ئىمانىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگىۋار بىز ئۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان، ھەم ئاقتى قان بولدى ياۋدىن ئەل ئامان،
ياشىسۇن مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

ياشىسۇن مىڭ ياشىسۇن گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

ئاپتورى: مەمتىلى ئەپەندىم (تەۋپىق)

## 1. بۆلەك

# يېشىل لىباس

قۇرئان كەرىمدە «جەننەت» تىلغا ئېلىنسىلا ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان، ئاجايىپ گۈزەل بىر باغچا يادىمىزغا كېلىدۇ. مەيلى كۆزىمىزنى يۇمۇپ قانچىلىك ئويلانمايلى، جەننەتنىڭ ئەنە شۇ گۈزەللىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىز كېلىمىز.

بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىزدە ئەتراپىمىزدىكى گۈزەل يەرلەرنى، باغۇ-بوستان، تاغ-دەريالار ھەققىدىكى دەرسلەرنى ئوقۇيمىز ۋە «تەبىئەت» نامى بىلەن ئاتالغان ئاللاھنىڭ گۈزەل يارىتىش سەنئىتىگە شاھىد بولىمىز.

ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بولغان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ.

سۈرە بەييىنە 8-ئايەت



# 1-دەرس

## بىزنىڭ مەكتەپ

سەھەر، ئاسمان شۇ قەدەر سۈزۈك. مەھەللىنىڭ تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشقان پاكىزە يوللىرىدىن توپ-توپ بالىلار مەكتەپكە قاراپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئوماق چىرايلىرىدا كۈلكە جىلۋىلىنەتتى. قىزىق پاراڭ، شوخ كۈلكىلەر ئەتراپنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

بىزنىڭ مەكتەپتە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدۇ.

مەكتىپىمىز ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، دەل-دەرەخ ۋە رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان گۈزەل باغقىلا ئوخشايدۇ. مەكتەپ قورۇسى مەكتەپ فورمىلىرىنى رەتلىك كىيگەن بەختىيار بالىلار بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. بىز قەدىردان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا خۇددى قۇشلاردەك چۇۋۇرلىشىپ سالام قىلىمىز. مەكتەپنىڭ ھەممىلا نەرسىسى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ.

ھەركۈنى ئەتىگەن مەكتەپ مەيدانىغا رەتلىك تىزىلىمىز.

«دىققەت...!»

مەيداندا ھەممەيلەن جاراڭلىق ھالدا «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال



ئاپتورى: لوقمانجان ھىرائى

مارشى»نى ئورۇنلايمىز. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى سەپلەنگەن ئازادە سىنىپلارغا كىرىدۇ. دەرس باشلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەرسنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ. گويا دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاشتىن، قۇشلار سايراشتىن، كېپىنەك ۋە ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچۇشتىن توختاپ، دەرسىمىزگە ئۇلارمۇ قۇلاق سېلىۋاتقاندەك بىر تىمتاسلىققا چۆمۈلىدۇ.

تەنەپپۇستا مەكتەپ بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدۇ. ساۋاقداشلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلانچۇق ئوينىسا، يەنە بەزىلىرى قوغلاشماق ئوينايدۇ. قىسقىسى، خىلمۇ-خىل ئويۇنلار بىلەن تەنەپپۇس ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ. يەنە تېخى يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ، قۇشلار بەس-بەستە سايراپ، كېپىنەكلەر پىلدىرلاپ ئۇچۇپ، بۇ خۇشال كەيپىياتقا جۆر بولىدۇ...

مانا بۇ بىزنىڭ مەكتىپىمىز، مانا بۇ بىزنىڭ بىلىم باغچىمىز، كۆڭۈللۈك ئائىلىمىز!



## كۆنۈكمە

**1- تېكىستنى قايتا-قايتا ئوقۇڭلار ھەمدە «دىققەت»دېگەن يېرىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە يادلىۋېلىڭلار**

**2- سىلەرمۇ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشى»نى بىلەمسىلەر؟ سىنىپتا ھەممەيلەن بىرلىكتە دېكلاماتسىيە قىلىپ بېقىڭلار**

**3- تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار:**

جىلۋىلىنىش     جۆر بولۇش     ئىجىل-ئىناق     ھەۋەس

**4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇشۇنداق شەكىلدىكى جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار:**

ساۋاقداشلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلانچۇق ئوينىسا، يەنە بەزىلىرى قوغلاشماق ئوينايدۇ.

............بەزىلىرى....................، يەنە بەزىلىرى..................

بىز قەدىردان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزغا خۇددى قۇشلاردەك چۇۋۇرلىشىپ سالام قىلىمىز .

........خۇددى .....دەك.....

**5ـ مەكتەپنىڭ تىمتاسلىقىقا چۆمگەن ھالىتى تەسۋىرلەنگەن جۈملىلەرنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈۋېلىڭلار**

**6ـ ئۆزەڭلارنىڭ مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار**

**7ـ سۈرە ئەلەقنىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتىنىڭ تەرجىمىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار**











# 2-دەرس

## تىمتاس سازلىق

بالىلىقىمدىكى بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ھېلىلا سازلىقتىن تۇتۇۋېلىنغان پاقىلار، تىرىك پېتىلا سىملارغا قاتار-قاتار ئېسىلغان پاقىلار، نەچچە كۈن قىزىق ئاپتاپتا تۇرۇپ قۇرۇلۇپ قالغان پاقىلار، پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى ئاڭلانمايدىغان تىمتاس سازلىق... بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمغا كەلسىلا كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ، قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىدۇ.

ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز خىلۋەت بىر سەھرادا ئىدى. قۇرۇق تېمىمۇ بولمىغان بوك-باراقسان مېۋىلىك بېغىمىزنىڭ ئاياغ تەرىپى چەكسىز كەتكەن سازلىققا تۇتىشاتتى. ياز كۈنلىرى بۇ يەر تولىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. سازلىقتىكى ھۆپپىدە ئېچىلغان چىغىرتماقگۈللىرىنىڭ خۇش ھىدلىرى، پاقىلارنىڭ بەس-بەستە كۇرۇلداشلىرى كىشىنى ئىختىيارسىز مەپتۇن قىلاتتى. شۇ گۈزەل تەبىئەتنىڭ ھۆسن-جامالىغا تويماي بېقىپ، بالىلىقنىڭ چۈچۈك ھېسلىرىغا چۆمۈلۈپ، تايچاقتەك قىيغىتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، بىر مويسىپىت تۇغقىنىمىز ئىككى ئوغلى بىلەن كېلىپ قالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلاش-چۇلاش باغ سەيلىسى قىلىشتۇق. باغ ئارىلاپ بىر چاغدا بېغىمىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى سازلىققا چىقتۇق. چوڭلار ھېرىپ قالدى بولغاي، كۆل بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىز كىچىكلەرمۇ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇق. بىر



ئاپتورى: ئابلەت ئىبراھىم

چاغدا گۈگـۈم چۈشـۈپ، سـازلىقتىن پاقىلارنىـڭ بەس-بەسـتە كورۇلداشـلىرى ئاڭلانـدى.
-ۋاي-ۋاي، نېمىدېگەن جىق پاقىلار بۇ! بـۇ قانداق پاقىلار؟ -دەپ سورىدى مويسىپىت تۇغقىنىمىز.
-قىزىل قولتۇق پاقا! -دېدى دادام مويسىپىت تۇغقىنىمىزنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.
-ھە!!!
مويسىپىت تۇغقىنىمىز دادامنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى. تۇغقىنىمىزنىڭ چىرايىدا بۆلەكچە خۇشاللىق ئالامىتى جىلۋىلەندى.
-پاھ، ئۇكام! بۇ قېتىم بۇ يەرگە چىققىنىم بەلەن بوپتۇ جۇمۇ، پۇل دېگەن ئايىغىڭلاردا تۇرسا، كۆرمىگىنىڭلار قىزىق. ھەي، سەھرالىق دېگەنمۇزە ...
-قايسى پۇل؟
دادام ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي مويسىپىت تۇغقىنىمىزنىڭ ئاغزىغا قارىدى.
-ئۇكام، قىزىل قولتۇق پاقا تېبابەتچىلىكتە قىممەتلىك دورا. بۇ پاقىنىڭ تېلىنى نەچچە ئون تىيىنغا ساتقىلى بولىدۇ. بۇ سازلىقتىن نەچچە ئون مىڭنى تۇتقىلى بولغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھايىتى تېز كۆپىيىدۇ...
ئەتىسى پاقا تۇتۇش باشلىنىپ كەتتى. باغنىڭ ئوچۇقچىلىق يېرىگە قاتار-قاتار سىملارنى تارتىپ، تۇتقان پاقىلارنى تىرىك پېتىلا ئېسىشقا باشلىدۇق. بۇ ئىشلار ماڭا بىر ئويۇن بولدى. قىزىق ئاپتاپتا قاقلاپ قويۇلغان پاقىلارنىڭ پىلاستىنكىلىرىنى كۆرۈپ، قىن-قىنىمغا پاتماي قالدىم. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇغقىنىمىز قىزىق ئاپتاپتا شاراقلاپ قۇرۇغان پاقىلارنىڭ خالتىلارغا قاچىلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى تۇغقىنىمىز بىلەن دادام ئىككىسى بىر-ئىككى يىلغىچە قىزىل قولتۇق پاقا تۇتۇپ سېتىپ خېلىلا پۇللۇق بولۇپ قالدى.
بىراق، سازلىقتىن بارا-بارا پاقىلارنىڭ كورۇلداشلىرى ئاڭلانمايدىغان بولدى. كېيىنچە تىمتاسلىققا چۆمگەن ئاشۇ سازلىققا بارسام، باللىقىمدىكى شۇ

قىلمىشىمىدىن ۋىجدان ئازابى تارتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئېمىشقا شۇ چاغدا كەم ئەقىللىق قىلىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ پاقىلارنى تۇتقان بولغىيتتىم؟ ئېمىشقا ئۇلارنى پاقا تۇتۇشتىن توسىمىغاندىمەن؟ تۇغقىنىمىز بىلەن دادام تارازىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ئوبدان بىلىدۇ. تارازىنىڭ تەڭپۇڭلىقى بۇزۇلسا، سودىدا زىيان تارتىدىغان گەپ. ئەمما، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، ئېمىدىن زىيان تارتىمىز؟ بۇنى قانچىلىك ئادەم چۈشىنەر؟!...



## كۆنۈكمە

**1- تېكىستنى ئۈنلۈك، توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار. تېكىستنىڭ «تۇغقىنىمىز بىلەن دادام تارازىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى...» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە يادلىۋېلىڭلار.**

**2- بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالدىم.**

تىمتاس سازلىق خىلۋەت چەكسىز

مويسىپىت ئېكولوگىيە تەڭپۇڭلۇق

**3- بۇ سۆزلەرنى پىششىق ئوقۇي ۋە كۆچۈرۈۋالاي.**

بۈك-باراقسان مېۋىلىك باغلار

پاقىلارنىڭ بەس-بەستە كۇرۇلداشلىرى

تايچاقتەك قىيغىتىپ

قىن-قىنىغا پاتماي قېلىش

تىمتاسلىقتا چۆمگەن سازلىق

ھۈپپىدە ئېچىلغان چىغىرتماقگۈللىرى

چۈچۈك ھېسلار

قىزىق ئاپتاپقا قاقلاپ قويۇلغان پاقىلارنىڭ پىلتىڭلاشلىرى

ۋىجدان ئازابى تارتىش

**4- قاندىداق قىلساق تەبىئەتنى قوغدىغان بولىمىز؟ قاراشلىرىمىزنى سۆزلىشىپ باقايلى.**

# 3-دەرس

## بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى



بوۋاملارنىڭ مەھەللىسىنىڭ نېرىراقىدىكى شورلۇقتا بىر يۇلغۇنلۇق بار. ياز كۈنلىرى يىراقتىن قارىسىڭىز، ھال رەڭ يۇلغۇن چېچەكلىرىنىڭ ئوتقاشتەك چاقناپ، شورلۇقنى ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرىسىز. يېشىل سېپىلدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان يۇلغۇنلۇقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇققا ھەيۋە قىلغاندەك مەغرۇر سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ.بۇ يۇلغۇنلۇقنى بوۋام ئۆز قولى بىلەن ئەھيا قىلغان.

مەن ھەر قېتىم بوۋامنىڭكىگە بارغاندا، ئۇنىڭ شورلۇقنىڭ نېرىسىدىكى قۇملۇققا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. بۈگۈن تۇنجى قېتىم بوۋام بىلەن بىللە قۇملۇققا باردىم.

چېتىگە كۆز يەتمەس قۇملۇق، قۇملۇقتىكى گۈمبەزدەك كۆرۈنىدىغان بارخانلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بۇ يەردىمۇ يۇلغۇن كۆپ بولۇپ، بۇ يۇلغۇنلار ھالرەڭ چېچەكلىرى ۋە يېشىل يوپۇرماقلىرى بىلەن قۇملۇققا بوستانلىق تۈسىنى بېرىپ تۇراتتى.

-كۆردۈڭمۇ؟-دېدى بوۋام ئۆك تەرەپتىكى يۇلغۇنلۇقنى كۆرسىتىپ،-

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

ئېسىمنى بىلسەم بار ئىكەن، داداممۇ، بوۋاممۇ شۇنداق دېگەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ قۇملۇقتا ئۆزى پەيدا بولغان قەدىمىي يۇلغۇنلۇق دېگىنە.

مېنىڭ بۇ كونا يۇلغۇنلۇقنىڭ يېشىنى پەرەز قىلىپ باققۇم كەلدى، بىراق پەرەز قىلالمىدىم.

-ئاۋۇ يۇلغۇنلۇقچۇ؟-دەپ سورىدىم مەھەللە تەرەپتىكى يەنە بىر يۇلغۇنلۇقنى كۆرسىتىپ.

-ئۇنى مەن مەھەللىدىكىلەر بىلەن بىللە بەرپا قىلغان، -دېدى بوۋام يۇلغۇنلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋېتىپ، -ئۇمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ. يۇلغۇن قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئېتىز-ئېرىقلارنى قۇم-بوراندىن ساقلايدۇ.

بوۋام چوڭ-چوڭ كونا يۇلغۇنلارنىڭ تۈۋىدىن ئۈنۈپ چىققان ئۇششاق يۇلغۇنلارنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغان ئوتىغۇچى بىلەن ئاۋايلاپ كولاپ ئېلىشقا باشلىدى. مەنمۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ بوۋام كولىۋالغان كۆچەتلەرنى بىر يەرگە يىغىشقا باشلىدىم.

بىز بىر سائەتتىن ئارتۇق ھەپىلىشىپ، خېلى جىق يۇلغۇن كۆچىتى يىغدۇق. ئاندىن بوۋامنىڭ ھېلىقى يۇلغۇنلۇقىغا قايتىپ كېلىپ، يۇلغۇن كۆچەتلىرىنى تىكتۇق. بۇ ئىشلار ماڭا بەك كۆڭۈللۈك بىلىنگەچكە، ئازراقمۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم.

ئىككىمىز قىردا ئولتۇرۇپ ئۇسسۇلۇق ئىچىۋاتقاندا، بوۋامغا:

-بىز ئۇسساپ كەتكەندەك، بۇ يۇلغۇن كۆچەتلىرىمۇ ئۇسساپ كەتكەندۇ. بۇ يەردە ئېرىق-ئۆستەڭ بولمىغاندىكىن، ھويلىدىكى قۇدۇقتىن چۆگۈندە سۇ ئەكىلىپ سۇغۇرۇپ قويايلىمۇ؟-دېدىم.

بوۋام كۈلۈپ كەتتى-دە، جىددىي تۈستە مۇنداق دېدى:

-بالام، بۇنىڭدىن غەم يېمە! يۇلغۇن باغدىكى مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ قۇملۇقتا ياشاشقا ماسلاشقان، تۇپراقتىكى ئازغىنا نەملىكنىمۇ سۈمۈرۈۋېلىپ ياشاۋېرىدۇ. ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم يېغىپ قالىدىغان يامغۇرمۇ ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ياشىرىپ تۇرۇشىغا يېتىدۇ.

بوۋامنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، مۇئەللىمنىڭ: «ئادەمدە جۇدۇن-چاپقۇن، قۇم-بورانلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇلغۇن روھى بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. مەن ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇرغان يۇلغۇنلۇققا زوق ۋە ھۆرمەت بىلەن باقتىم.



## كۆنۈكمە

**1- تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. ئاندىن بوۋىسىنىڭ قايسى تەرەپلىرى«مەن» دە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانلىقىنى، بوۋىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن يۇلغۇنلارغا مېھرىنى بېرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**

**2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار:**

1) «بالام، بۇنىڭدىن غەم يېمە! يۇلغۇن باغدىكى مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ.» (نېمە ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخ ياكى تەشتەكتىكى گۈلگە ئوخشىمايدۇ؟ بىز يۇلغۇننىڭ قايسى ئالاھىدىلىكىدىن ئۆگەنسەك بولىدىكەن؟)

2) «ئادەمدە جۇدۇن-چاپقۇن، قۇم-بورانلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇلغۇن روھى بولۇشى كېرەك» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى نېمە؟ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

**3- ئۆزۈڭلارغا ئىلھام بەرگەن جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.**



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## ئىگە

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېساپلىنىدۇ ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈملىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىككى مەنە مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز-ئارا بىرىكىپ، بايانىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگە جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت. ئىگە «كىم؟ كىملەر؟ قانچە؟ نەچچىسى؟ نېمىسى؟ قەيەر؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1) ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى پەرۋاز قىلدى.
2) تىلىمىزدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ.
3) بىز ھازىرلا يولغا چىقىمىز.

جۈملىدىكى ئىگە بىرلا سۆز بىلەنمۇ، سۆز بىرىكمىلىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

1) ئابدۇۋەلى ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ.
2) مائارىپ خىزمەتچىلىرى مۇكاپاتلاندى.
3) گۈليار ئاپىسىغا ياردەملەشتى.
4) يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى.

## خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىش رولىدا كېلىدىغان بۆلەك خەۋەر دېيىلىدۇ.

خەۋەر بىر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولمىسىمۇ، جۈملىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن خەۋەر بولمىسا، جۈملە تەشكىللەنمەيدۇ، يەنە خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

خەۋەر شەكىل جەھەتتىن بىرلا سۆزدىن تۈزۈلىشىمۇ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىشىمۇ مۇمكىن.

مەسىلەن:

1) بىز تاپشۇرۇق ئىشلىدۇق.

2) مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالىمىدۇر.

3) ئېغىزدا دىگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش-تولىمۇ قىيىن.

4) بەش يەردە بەش-يىگىرمە بەش.

5) قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى بىر مىڭ تۆز يۈز ئاتمىش كىلومېتىر.

6) مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم.

7) بۇ كىتاپنىڭ تىراژى بىر مىڭ بەش يۈزگە يەتتى.

## ئىشلەپ بېقىڭلار

**1ـ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار، تولدۇرغان سۆزۈڭلار جۈملىدە ئىگە بولسۇن.**

1) مېنىڭ سەن بىلەن----------يوق.

2) مېنىڭ----------ئالىي مەكتەپكە كەتتى.

3) ----------خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

4) بىزنىڭ يېزىدىن-------------ھەربىي سەپكە ماڭدى.

5) كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا-----------توڭۇپتۇ.

6) ----------ئەمگەكچان خەلقتۇر.

7) ----------تاڭ سەھەردە چىللايدۇ.

8) سىزنىڭ----------بارمۇ؟

9) ئۈنىڭ----------كۆپۈككە ئايلاندى.

10) ئۈنىڭ----------قىزىرىپ كەتتى.

**2-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.**

1)تاڭ ئاتتى.

2)مەن يىنىك ئاتلىتكا مۇسابىقىسى كۆرۈشكە بارىمەن.

3)كېپىنەكلەر گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ يۈرىدۇ.

4)بىز شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇق.

5)ئۇلار چۈۋۈرلىشىپ گۈلدەستە تىزىشقا باشلىدى.

6)دادام ئىلگىرى مەكتەپتە ئىشلەيتتى.

7)مەن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

**3-تۆۋەندىكى پارچىلارنى ئوقۇپ خەۋەرلەرنى تېپىڭلار.**

بىر قېتىم مۇسلىمە يولدىكى يوغان بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ساجىدە دەرھال بېرىپ مۇسلىمەنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. مۇسلىمە ساجىدەگە «رەھمەت» دېدى. ساجىدە «ئەرزىمەيدۇ!» دېدى.

مۇئەللىم سىنىپتا ساجىدەنى ماختىغاندى، ساجىدە:«بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ ساجىدەنى ماختىدى.





## ئاساسىي مەشىق

**1ـ تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.**

1) سىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايسى ۋىلايىتىدىن؟
2) نېمە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارغا سالام بېرىدۇ؟
3) سىز «ئىستىقلال مارشى»نى بىلەمسىز؟
4) «ئىمتاس سازلىق» دېگەن دەرستە كىشىلەر نېمە ئۈچۈن پاقىنى تۇتىدۇ؟
5) سىزمۇ ۋەتەندىكى ۋاقتتا يۇلغۇننى كۆرگەنمۇ؟
6) «مەن» نېمە ئۈچۈن پاقا تۇتقىنىغا كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ؟

**2ـ ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق مەنىداش سۆزلەرنى قويۇڭلار؟**

1) ئۇلارنىڭ ئوماق چىرايلىرىدا كۈلكە جىلۋىلىنەتتى. (          )
2) خىلمۇ-خىل ئويۇنلار بىلەن تەنەپپۇس ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ.(          )
3) ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز خىلۋەت بىر سەھرادا ئىدى.(          )
4) دادام ھېچنىمىنى ئۇقالماي مويسىپىت تۇققىنىمىزنىڭ ئېغىزىغا قارىدى. (          )
5) قۇملۇقتىكى گۇمبەزدەك چوقچىيىپ تۇرىدىغان بارخانلار تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. (          )

**3ـ مۇۋاپىق سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ھالرەڭ | چاپقۇن |
| قۇم | جامال |
| جۇدۇن | چېچەك |
| شوخ | پاراڭ |
| قىززىق | كۈلكە |
| ھۆسن | بوران |
| بارا | بارا |



4-سىز بۇ مەنزىرىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ ئويلىغىنىڭلارنى يېزىپ بېقىڭلار.





# ماتېرىيال خالتىسى

## لەگلەك



باللىق چاغدا لەگلەك ياساپ ئۇچۇرۇش ئەڭ زور خۇشاللىق ھېسابلىنىدۇ.

مانا بۈگۈنمۇ بىر نەچچە تال ئىنچىكە قومۇش، نەچچە ۋاراق قەغەز تېپىپ، لەگلەك ياساشقا چۈشتۇق. لەگلەكنى كېپىنەكسىمان ياسىماقچى بولدۇق. ئۇنى ياساۋېتىپ گۆدەك قەلبىمىز ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلارغا تولدى. مانا لەگلەكمۇ پۈتتى، ئەمما ياسىغىنىمىز ھېچنېمىگە ئوخشىماي قالدى. شۇنداقتىمۇ خۇشلۇقىمىزغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. بىز ئۇنىڭغا «بەخت قۇشى» دەپ ئىسىم يېزىپ قويدۇق.

لەگلەكنى ئۇچۇرغىلى باردۇق. بىرىمىز لەگلەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەنە بىرىمىز يىراقتا يىپنى تارتىپ تۇردۇق. «قويۇۋەت» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ، لەگلەكنى ھاۋاغا چىقاردۇق. يۈگۈرگەنسېرى لەگلەك ئۆرلەپ دەرەخلەردىن ھالقىپ كەتتى. ئېتىز-دالادا شاد-خۇراملىق ئىچىدە يۈگۈرە-يۈگۈرە ئاخىر لەگلەك ئېگىز ئاسماندا لەرزان ئۇچۇشقا باشلىدى. لەگلىكىمىزنى كۆرگەن كىشىلەر: «ۋاھ، نېمىدېگەن ئېگىز ئۇچقان-ھە!» دەپ كېتىشتى.

ئەتىگەندىن بېرى لەگلەك ئۇچۇرغىلى تۇرغاندۇق، چۈشتىمۇ ئارام ئالغۇمىز كەلمىدى. لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئېتىز-دالالاردا يۈگۈرۈۋەردۇق. لەگلەك

بارغانسېرى ئېگىزلەپ، بۇلۇتلاردىنمۇ ھالقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈندى. تۇيۇقسىز شامال كۈچىيىپ، يىپى ئۈزۈلۈپ كەتتى. لەگلەك كۆكتە لەپەڭشىگىنىچە يىراقلاپ كەتتى. بارغانسېرى كىچىكلەپ يوقاپ كېتەيلا دەپ قالغان لەگلەككە قاراشقىنىمىزچە تامدەك تاتىرىپ قىيقاس سېلىشتۇق.



ھەممىمىز يىغلاپ كېتىشتۇق. دالادا چېپىپ يۈرۈپ يېرىم كۈنچە ئىزدىگەن بولساقمۇ لەگلەك ھېچ يەردە ئۇچرىمىدى. روھىمىز چۈشكەن ھالدا قىردا ئولتۇرساق، يىراقتىكى سۇ يۈزىدە يېرىمى سۇ يۈزىدىن چىقىپ تۇرغان يوغان بىر چاقپەلەك كۆزىمىزگە تاشلاندى. چاقپەلەك ھەدەپ پىرقىراپ ئاپئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ تۇراتتى. ئۇ كەنتىمىزدىكى سۇ تۈگمىنىنىڭ چاقپەلىكى ئىدى.

-بايا ئۇ يەرگە بېرىپ قاراپ باقتۇقمۇ؟

-ياق. كىم بىلىدۇ، «بەخت قۇشى» شۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ -دېيىشتۇق ھەممەيلەن.

شۇنىڭ بىلەن «بەخت قۇشى»نى داۋاملىق ئىزدىگىلى تۈگمەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەشتۇق.






# غورۇرۇم سەن گۈزەل ۋەتىنىم !



غېرىپ دەردىنى غۇربەتتە ئادادىن سورا،
ۋىسال قەدرىنى ئاشىقى گادادىن سورا.
ۋەتەنسىز هاياتتا نە مەنە، نە تەم
بۇنى ئۆز ئىلىدىن جۇدادىن سورا

ـئابدۇرېهىم ئۆتكۈر

توغرا، ۋەتەن ئۇ ـ بايلىق. ۋەتەن ئۇ ـ شانۇ-شەۋكەت. ۋەتەن ۋىجدان ۋە هۆرلۈكتۇر.

دۇنيادا ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى بىزدەك تارتقان، بەدىلىنى بىزدەك ئۆتەۋاتقان ئىككىنچى بىر مىللەت بولمىسا كېرەك. مەيلى بىز دۇنيانىڭ قەيەرىگىلا بارمايلى ئەنە شۇ ئانا يۇرتىمىزغا قايتىپ بېرىشقا بولغان ئىشەنچىمىز، ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ گۈزەل باغۇ-ئېرەملەرگە ئايلاندۇرۇشتەك يۈكسەك بىر غايىمىز بولۇشى كېرەك.

بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىزدە ئانا ۋەتەنىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭسىز هاياتنىڭ هېچ بىر ئەهمىيىتى بولمايدىغانلىقىنى ئەجدادلار باسقان ئەنە شۇ ئىزلاردىن ئۆگىنىمىز. پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئەنە شۇ مۇبارەك

تۇپراقلارنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ نىجىس تاپانلىرىدىن تىزراق تازلاش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە يۈكسەك ۋەدىلەرنى بېرىمىز.

«ئاللاھنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق.»

ــسۈره ..فەتىھ 1ـ3 ئايەت





# 4-دەرس

## قەشقەرنىڭ توپىسى

2012-يىلى سوغۇق قىش. نىيۇيورك.

مەن تەتقىقاتچى مۇھەممەدجان ئاكىدىن 18 يېشىدا ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىپ، 50 يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بىر مويسىپىت تاغىمىز ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلاپ، ئاشۇ مويسىپىت تاغىمىز بىلەن بىر يۈز كۆرۈشۈپ بېقىشقا تەقەززا بولدۇم. كۆرۈشۈشكە پۈتۈشكەن كۈنىمىزمۇ ئاخىرى يېتىپ كەلدى.



بوۋاي دېيىشىپ قويغان قەھۋەخانىغا بىزدىن بالدۇرراق كېلىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن. رەتلىك كىيىنگەن قەددى-قامەتلىك بۇ بوۋاي مېنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدىنمۇ خۇشخۇي ۋە مۇلايىم ئىدى. بوۋاي مېنى كۆرۈپلا دىدارلاشمىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان بىر دوستىنى ئۇچراتقاندەك ناھايىتى ھاياجان بىلەن كۆرۈشتى ۋە-«سىزنىڭ جىسمىڭىزدىن ۋەتىنىمنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن»-دەپ، قويۇپ بەرمەستىن بىردەم چىڭ قۇچاقلاپ تۇردى.

قەشقەر تۇپراقلىرىدىن تولىمۇ يىراق بىر زېمىندا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ۋەتىنىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالماي ياشىغان بۇ خىزىر سۈپەت بوۋاينىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشقا تولىمۇ قىزىقاتتىم. شۇڭلاشقا مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاقىتنى ئۇزارتماستىنلا

---

لوقمانجان ھىرائى (تورىدىكى ئەسلى شەكلىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلدى)

سوئال سوراشقا باشلىدىم.

-تاغا، بۇ يىل قانچە ياشقا كىرگەنلا؟

-بۇ يىل 80 ياشقا كىردىم بالام.

-سىلى ۋەتەندىن قانچە ياشلىرىدا چىققان ئىدىلە؟

-18 يېشىمدا چىققان ئىدىم. ۋەتىنىمنىڭ كوچىلىرى، باللىقتىكى دوستلۇرۇم هازىرقىدەكلا ئېسىمدە.

-ۋەتەندىن ئايرىلىشنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ۋەقەلىكنى بىر ئاڭلىغۇم بار ئىدى.



-دادام ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن جاللات شىڭشىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلاندى.دائىم دادامنى يوقلاپ تۈرمىنىڭ ئالدىغا باراتتۇق. كېيىن دادام تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەزىز ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ هىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرى كارۋانغا ئەگىشىپ لاداخ يولى ئارقىلىق مىڭبىر مۇشەققەتتە تۈركىيەگە كەلدۇق.

دادام ئەسلى ۋەتەندىن ئايرىلغان چاغدا يۇرتىنىڭ توپىسىنى ئېلىۋالغانىكەن. دادام تۈركىيەگە كىلىپ 1956-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بىزگە هەمىشە: «مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەبرەمگە يۇرتتىن ئېلىپ چىققان توپىنى چېچىڭلار»-دەپ تاپىلايتتى. دادامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە قەبرىسىگە قەشقەر توپىسىنى چاچتۇق. ئۇ چاغلاردا مەن نېمىشقا دادامنىڭ قەشقەر توپىسىنى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى، بىزگە نېمىشقا ئۇنداق نەسىهەت قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتىم. ئانام تۈگەپ كېتىپ يالغۇز قالدىم. قاتتىق غېرىپسىنغان

چېغىمدا ئاندىن ھەممىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

1964-يىلى ئامېرىكىغا كەلدىم. بۇ يىل بۇ دۆلەتتە تۇرىۋاتقىنىمغا 50 يىل بولاي دېدى. لىكىن مەن قەيەردىلا بولماي قەشقەرنىڭ بالىلىق چاغلىرىمدا يۈرىكىمگە ئورناپ كەتكەن سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

1980-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قەشقەردىكى تۇققانلار بىلەن خەت ئالاقىمىز ئەسلىگە كەلدى. يېشىم چوڭايغانسېرى ئىچىمدە ۋەتەنگە بولغان سېغىنىش ئوتى كۈچىيىپ كەتتى. بىر قېتىم تۇققانلار گۆلە-قاق ۋە قۇرۇق يەل-يېمىشلەرنى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇلارغا قايتۇرغان جاۋاپ خېتىمدە بۇ نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردىمۇ تاپالايدىغانلىقىمنى، مۇمكىن بولسا ۋەتىنىمنىڭ تويىسىدىن بىر خالتا ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئۈچ خالتا قەشقەر تويىسى ئامېرىكىغا



ئالتە ئايدا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بېرى ئەنە شۇ تويىلارنى قەدىرلەپ ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ھەر كۈنى بىر قېتىم ئالقىنىمدا چىڭ سىقىمداپ تۇتىۋالىمەن.

مەن بوۋىمىزنىڭ بۇ تەسىرلىك بايانلىرىنى ئاڭلاپ، ۋەتەنىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم ۋە ئۆز-ئۆزۈمگە-«ئەي ۋەتەن! يەنە بىر قېتىم سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرۈش نېسىپ بولۇپ قالسا، ھاياتىمدا مەن دەسسەپ باققان

قەشقەرنىڭ تويىسىنى،

مۆلجەر تاغ تويىسىنى،

قاغىلىق بىلەن گۇما ئارىسىدىكى ھېمت سېيىنىڭ تويىسىنى،

قۇمۇلدىكى ئارا يەر توپىسىنى،
تۇرپاندىكى يار يېزىسىنىڭ توپىسىنى،
غولجا ئازات يوْزىنىڭ توپىسىنى،
كورلا بوستان مەھەللىسىنىڭ توپىسىنى،
كۇچا كونا شەھەر توپىسىنى،

ئاتۇش سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسى ئالدىدىكى چىلانىرەڭ توپىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ تۇرۇپ، سىنى ئەمدى ھەرگىز دۈشمەنلەرگە تارتقۇزۇپ قويماسلىققا قەسەم ئىچىمەن»-دەپ پىچىرلىدىم..



## كۆنۈكمە

1- تېكىستنى گۈزەل ئانا ۋەتەننى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇپ چىقىڭلار

2- تېكىستنى ئوقۇش جەريانىدا كۆز ئالدىڭىزغا ۋەتىنىڭ قايسى كۆرۈنۈشلىرى كەلدى؟

3- مويسىپىت بوۋاي نېمە ئۈچۈن ۋەتىنىڭ توپىسىنى ئامېرىكىغا ئەكەلدۈرىدۇ؟

4- ۋەتەندىن ھېجرەت قىلىپ كېلىش جەريانىدىكى ۋەقەلىكلەرنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار

5- «ئۈچ خالتا قەشقەر توپىسى» دېگەن يەردىن ئاخىرغىچە يادلىۋېلىڭلار



# 5-دەرس

## ئىككى دۇنيالىق ۋەتەن



ماشىنا تاغ يولىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە قىزىپ كەتتى. شوپۇر ماشىنىنى بىر جىلغىنىڭ ئاغزىدىكى دۆڭلۈكتە توختۇتۇپ، سوۋۇتماقچى بولدى.

يولۇچىلار ماشىنىدىن چۈشتى. ئەكبەر چىرايلىق كىيىنۋالغانىدى. ئىسسىقتا قاغجىراپ كەتكەن يولۇچىلار ماشىنىنىڭ دالدىسىدىكى كىچىككىنە سايىدا ئولتۇرۇپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىشكە باشلىدى. ھەممىسىنىڭ سومكىسىدا سۇدان ۋە بوتۇلكىلىق مېۋە شەربەتلىرى بار ئىدى.

ئەكبەر ئىسسىققا چىدىيالمايلا قالدى. ئۈستى-بېشىدىن تەر قۇيۇلۇپ، تېرىلىرى چىم-چىم قىلىپ كۆيەتتى. كاشكى، بۇ يەردە سۈيى سوغۇق بىر ئۆستەڭ بولغان بولسا، راسا راھەتلىنىپ بىر چۆمۈلىۋالسا!...

لېكىن، ئەكبەرنىڭ كۆزىگە كۆيۈك تاغ، قاقاس چۆلدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئاھ، خۇدا! بۇ يەرلەرنى قانداق يارىتىپ قويغان بولغىيدىڭ!؟ بۇ سېنىڭ قەھرىڭمۇ ياكى مېھرىڭمۇ؟!...

ئەكبەرنىڭ خىيال ئىكرانىدا، يۇرتتىكى چۆل-جەزىرىلەر ئايان بولدى. گەرچە ئۇ يەرلەردىكى چۆل-جەزىرىلەرمۇ بۇ يەردىكىگە ئوخشاش قۇرغاق،كۆرۈمسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەردە شاپتۇل چېچەكلىرى رەڭگىدە گۈل ئاچىدىغان يانتاق، سېرىق چېچەكلىك ئېشەككۇمۇشى، چاكاندا، يۇلغۇن، بېسىلغاق، ياۋا كەندىر قاتارلىق رەڭگارەڭ ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ھاياتلىقتىن، يېشىللىقتىن دېرەك بېرەتتى!...

---

«سەرسان روھ»رومانىدىن ئېلىپ ئۆزگەرتىلدى.

ئەكبەرنىڭ خىيالى ئىختىيارسىز ھالدا، يۇرتىنىڭ سوغۇق قىش كۈنلىرىگە كەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئىككى دوستى بىلەن تۆگمەن بېشىدىكى ئۆستەڭگە سۇغا چۆمۈلگىلى چىققان ئىدى. ئۇلار بەسلىشىپ سۇغا چۆمۈلمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئۆستەڭ قىرغىقى نېپىز مۇز بىلەن قاپلانغان ئىدى. مۇزنىڭ ئاستىدا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇ ئادەمنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك سۈزۈك ۋە ئويناق بولۇپ، ئۇلار ئەنە شۇ مۇزلاردىن سىرغىپ ئۆتۈپ، ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇغا چۆمۈلگەن ئىدى. توڭلاپ كەتكەنلىكتىن لەۋلىرى كۆكىرىپ، چىشلىرى كاسىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكىدىن كۆرەڭلەيتتى، پەخىرلىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇزغا دەسسەپ تۇرۇپ چۆمۈلۈۋاتقان سوغۇق، يېقىمسىز سۇ ئۇلارغا ھوزۇر بېغىشلىغان ئىدى.

ئەكبەرنىڭ خىيالىدىكى سالقىن، راھەت تۇيغۇسىنى يان تەرەپتىكى جىلغىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلگەن 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت بۆلۈۋەتتى. يىگىتنىڭ مۈرىسىدە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان قۇرۇق تۇلۇم بار ئىدى. ئۇ ماشىنىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل يولۇچىلار تەرەپكە قاراپ كەلدى ۋە مۇلايىملىق بىلەن سالام بېرىپ، ئۇلاردىن بىر ئاز سۇ بېرىشنى ئۆتۈندى. لېكىن شوپۇر سەل خاپا بولغان ھالدا:

-كۆرمىدىڭمۇ يىگىت، سۇ بولسا ماشىنىنى دۆڭگە قارتىپ قويۇپ، ئۆزىمىز ئىسسىقتا مۇشۇنداق ئولتۇرامتۇق؟!-دېدى.



باھاۋىدىن مىرزا يىگىتكە قىزىقىپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

-ئىسمىڭ نېمە؟

-قوسەي.- دېدى يىگىت ئىسسىقتىن تەرلەپ كەتكەن يۈزىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

سوئال-جاۋاپ داۋاملاشتى:



-قەيەردە تۇرىسەن؟
-ئاۋۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە.
-ئۇ يەردە قانچە ئائىلە بار؟
-بەش ئائىلە بار.
-ئۇ يەردە نېمىش قىلىسىلەر؟
-چارۋا باقىمىز، يەنە ئانچە-مۇنچە تېرىقچىلىقمۇ قىلىمىز!
-ئۇ يەردە سۇ يوقمۇ؟
-يوق.
-سىلەر نېمە ئىچىسىلەر؟
-يامغۇر ياغقاندا يامغۇر سۇلىرىنى يىغىۋالىمىز. سۇ تۈگىسە، سىلەرگە ئوخشاش يولۇچىلاردىن سۇ سوراپ ئىچىمىز.
-ئۇ يەردىن كۆچۈپ كەتسەڭلار بولمامدۇ؟
-شۇ ئەمەسمۇ!-دېدى شوپۇر باھاۋدىن مىرزىنىڭ بۇ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،-باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتسەڭلار بولىدۇ. ئۇ يەردە ئېقىن سۇلار بار، قۇدۇق سۈيىمۇ بار!...
-ياق كۆچمەيمىز!- دېدى يىگىت بىر خىل قەتئىيلىك ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن،- بۇ يەرنىڭ تاشلىرىنى باشقا يەرنىڭ ئۈنچە-مارجانلىرىغا تەڭ قىلمايمىز! چۈنكى، بۇ يەر بىزنىڭ يۇرتىمىز، ئىككى دۇنيالىق ۋەتىنىمىز! بۇ جىلغىدا بىزنىڭ بىر مۇنچە ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن. بوۋامنىڭ، دادامنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە! ھەر قانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيمىز!...



يىگىتنىڭ سۆزى گويا ئىنچىكە تال-چىۋىق بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە ئۇرغاندەك، ئۈچ مۇساپىر يولۇچىغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار كۆڭلىنىڭ قات-قېتىغا ئورناپ

كەتكەن ھىجران ئازابىنى، يۇرت دەردىنى بىر يولى چىقارماقچى بولغاندەك، نەپسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى ۋە خۇرسىنىپ قويدى!

يىگىت توغرا دەيدۇ: ئەزەلدىن مۇھەببەتسىز يۈرەككە ۋەتەن سىغقان ئەمەس! ھەقىقى ۋەتەن ئوغلى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراق ۋە شۇ تۇپراقتىكى ھەر بىر گۈل-گىياھ، ھەر بىر تاش-داڭگال بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ! ئادەم قەيەردە ياشىمىسۇن-راھەتبەخش باغۇ-ئېرەمدىمۇ، گۈزەل مەنزىرىلىك ئاۋات شەھەردىمۇ ياكى قاقاس چۆل-جەزىرىدىمۇ- ئۆز يېرىنى، ئۆز ئېلىنى ۋە ئۆز ئەركىنى ھىمايە قىلىدۇ!

شۇڭا دۇنيادا ۋەتەنسىز ئىنسان بولمايدۇ. ۋەتەن سۆيمىگەن ئىنساندا ۋىجدان بولمايدۇ!

ماشىنا يەنە يولغا چىقتى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا قوسەيگە سۇدانىدىكى سۇ بىلەن مېۋە شەربەتلىرىنى بەردى. چۈنكى ئۇنىڭ سۆز ۋە روھى ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈرگەن ئىدى.

## كۆنۈكمە

**1- تېكىستنى چوڭقۇر ئويلىنىش ئىچىدە قايتا-قايتا ئوقۇڭلار**

**2- سىزنىڭمۇ ئەكبەرگە ئوخشاش ۋەتەندىكى چاغدا مۇز تېيىلغان ۋاقتىلىرىڭىز بولغانمۇ؟**

**3- «ئەكبەرنىڭ خىيالىدىكى»دېگەن يەردىن باشلاپ ئاخىرغىچە تېكىستنى چىرايلىق قىلىپ دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار**

**4- سۇ سوراپ كەلگەن يىگىتنىڭ نېمىشقا شۇنچە قىيىن شارائىتتىمۇ يۇرتىدىن كۆچمەسلىكىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟ساۋاقداشلار ئارىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.**

**5- سىلەرنىڭمۇ تاشلىرى باشقا يۇرتلارنىڭ ئالتۇن-كۆمۈشلىرىگە تەڭ قىلمايدىغان ۋەتىنىڭلار بارمۇ؟**



# 6- دەرس

## پەخىرلىك ئۇستاز

بۈگۈن 2018-يىلى 8- ئاينىڭ 19 -كۈنى (يەكشەنبە).

بۈگۈن مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە ھاياجانلىق بىر كۈن بولدى. چۈنكى بۈگۈن ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى بىر پائالىيەتكە ئېلىپ بارماقچى ئىدى. پائالىيەتكە مۇھىم بىر مېھمان كېلەتتى. ئەتىگەن بالدۇرلا ناشتا قىلىپ سائەتنىڭ 09:00 بولۇشىنى ساقلىدىم . سىنىپ مەسئۇلىمىز جۇمە كۈنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، بۇ ئەزىز مېھمان ھەققىدە بىر ئاز مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، يەنە تەكىتلەپ تۇرۇپ:

- ساۋاقداشلار، ئەتىگەن سائەت 09:00 دا مەكتەپنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ بولايلى، ھەممىمىز بىرلىكتە مۇشۇ يەردىن يولغا چىقىمىز!- دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

بۈگۈنكى ئەزىز مېھمىنىمىز بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرى، دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئامېرىكا "ناسا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى"دىكى بىردىن-بىر ئۇيغۇر، ئەركىن سىدىق تاغىمىز ئىدى.

مەن بۇرۇن دادامدىن ۋە ئوقۇتقۇچۇمدىن ئەركىن سىدىق تاغىمىز توغرىسىدا نۇرغۇن تەرىپلەشلەرنى ئاڭلىغان بولغاچ، بۇ پەخىرلىك ئۇستازىمىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى.

لىكسىيە زالىغا كىردۇق. كىشىلەر بەك كۆپ بولغاچقا ئولتۇرىدىغان ئورۇنمۇ يوق ئىدى. ساۋاقداشلار بىلەن بىر-بىرىمىزنى ئىتتىرىشىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن مىكىبىر مۇشەققەتتە ئۇستازىمىزنى كۆرۈش

لوقمانجان ھىرائى (ئوقۇغۇچىنىڭ ئەسرىدىن ئېلىپ ئۆزگەرتىلدى.)

پۇرستتىگە ئېرىشتۇق.

ئەركىن سىدىق تاغىمىزنىڭ لىكسىيەسى" ۋەتەنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار نېمىلەرنى قىلالايمىز؟ "-دېگەن تېمىدا بولۇپ، ئەركىن سىدىق تاغىمىز ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋالاتلار توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بەردى ۋە ياشلارنىڭ تىرىشىپ ئوقۇپ، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ياراملىق ئاۋانگارتلاردىن بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

لىكسىيە ئاخىرىدا ئەركىن سىدىق تاغىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈش پۇرستىگە ئېرىشتۇق. مەن دۇنياۋى مەشھۇر بىر ئالىمىمىز بىلەن كۆرۈشۈش پۇرستىگە ئېرىشەلىگىنىمدىن بەكلا ھاياجانلاندىم. ئۇستازىمىز تولىمۇ كەمتەر ئىدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچى بىلەن ئېرىنمەي بىرمۇ-بىر كۆرۈشتى ھەمدە ئاتىلارغا خاس مېھرى بىلەن ھەر بىرىمىزنى ئايرىم-ئايرىم باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:-

ياخشى ئوقۇڭ، كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇڭ بالام!- دەپ پىشانىمىزگە سۆيۈپ قويدى. يەنە تېخى ئۆز قولى بىلەن يازغان كىتاپلىرىغا بىر قانچە جۈملە يېزىپ ئېمزايىنىمۇ قويۇپ بەردى.




مەن بۇ لىكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋەتەندىن ئايرىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، ئەنە شۇ تەكلىماكان بويلىرىدىكى گۈزەل ئانا يۇرتىنى ۋە يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغان، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە داۋاملىق ئەل - ۋەتەننى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىغان بۇ پەخىرلىك ئۇستازىمىزغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى.

ھىرا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپىدىن: مۇھەممەد ئابدۇللا

2018-يىلى 8-ئاينىڭ 20-كۈنى ( دۈشەنبە )

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ۋە ئۆزەڭلەرگە تەسىر قىلغان جۈملىلەرنى دەپتەرگە كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.

2- "ھەر بىر ئوقۇغۇچى بىلەن ئېرىنمەي بىرمۇ-بىر كۆرۈشتى ھەمدە ئاتىلارغا خاس مېھرى بىلەن ھەر بىرىمىزنى ئايرىم-ئايرىم باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ:-

ياخشى ئوقۇڭ.كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇڭ بالام!-دەپ پېشانىمىزگە سۆيۈپ قويدى. يەنە تېخى ئۆز قولى بىلەن يازغان كىتاپلىرىغا بىر قانچە جۈملە يېزىپ ئىمزايىنىمۇ قويۇپ بەردى."دېگەن جۈملىلەردىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟

3-سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئۇستازنىڭ ۋەتەندىكى ھاياتى، چەتئەللەردىكى ئوقۇش ھاياتى ۋە خىزمەت ھاياتى ھەققىدە ماتېرىيال توپلاڭلار. ئاخىردا قايسى گۇرۇپپىنىڭ تەپسىلىي مەلۇمات توپلىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.



4- سىنىپتىكى ھەر بىرەيلەن كەلگۈسىدىكى ئارزۇلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار ۋە تۆۋەندىكى كەسىپلەرنىڭ قايسىنى خالىساڭلار، رامكا ئىچىگە توغرا بەلگىسىنى قويۇڭلار.



☐ جەڭچى



☐ دوختۇر



☐ ئوقۇتقۇچى



☐ ئالىم



☐ ئۇچقۇچى



☐ يازغۇچى



☐ ئىنژېنېر



☐ ئادۋوكات



☐ پۇتبولچى

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## ئىگە ۋە خەۋەرنىڭ باغلىنىشى

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ مۇھىم بۆلىكى. بولۇپمۇ خەۋەر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش، قۇراشتۇرۇش رولىنى ئويناﻳدىغانلىقى ئۈچۈن، جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر بىلەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن زىچ باغلىنىپ كېلىدۇ.

**1. ئىگە قايسى شەخستە قانداق ساندا كەلسە، خەۋەرمۇ شۇنىڭغا ماس شۇ شەخستە شۇنداق ساندا كېلىدۇ.**

مەسىلەن:

1) بىز بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىمىز.

2) سەن ئۇنىڭغا بەك قوپاللىق قىلدىڭ.

بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «بىز» 1- شەخستە كۆپلۈكتە كەلگەن بولۇپ، خەۋىرى «پۈتتۈرىمىز» ئىگىگە زىچ باغلانغان ھالدا 1- شەخستە كۆپلۈكتە كەلگەن. ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىگىسى «سەن» دېگەن ئالماش 2- شەخس بىرلىكتە بولۇپ، خەۋىرى «قىلدىڭ» دېگەن پېئىل شۇنىڭغا ماس ھالدا 2- شەخس بىرلىكتە كەلگەن.

مەسىلەن:

1) سىلەر بۇگۈنكى پائالىيەتكە ناھايىتى ۋاقتىدا كەلدىڭلار. (ئىككىنچى شەخس كۆپلۈك)

2) مەن بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلىمەن. (بىرىنچى شەخس بىرلىك)

3) ئۇلار تېزلا قايتىپ كېلىشتى. (ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك)

4) بىز ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگەتتۇق. (بىرىنچى شەخس كۆپلۈك)

**2. جۈملىنىڭ ئىگىسى تەكىداش بۆلەكلەردىن كەلسە، ئۇنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن خەۋىرى كۆپلۈك ساندا كېلىدۇ.**

مەسىلەن:

1) بۇغداي، قوناق، تېرىق، شال ھەممىسى-دانلىق زىرائەتلەر

2) ئەركىن، تۇرسۇن ۋە ئالىيە- سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار .

**3. ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ سان بىلەن شەخس جەھەتتىن ماسلىشىپ كېلىشىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش لازىم.**

**ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىق قويۇلۇشى**

ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىغا تۆۋەندىكىدەك سىزىق قويۇلىدۇ:

**ئىگە بىلەن خەۋەر باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن ياكى باش كېلىشتىكى سانلاردىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن:

ئاتا-ئانىلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلىتى ـ بالىغا قالدۇرغان ئەڭ ياخشى مىراس.

ياسىن ـ ئوقۇغۇچى.

بۇغداي ـ سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

ئادەم ـ تەپەككۇرغا ئىگە مەخلۇق.

تۆت يەردە تۆت ـ ئون ئالتە.

بەش ـ پۈتۈن سان.

**4. ئىگە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىم، خەۋەر باش كېلىشتە ئىسىم بولسا... بۇ ھالىنىڭ تەتۈرىسى بولسا، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن:

دادام ـ شىركەتتە خىزمەتچى.

ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى ـ ياشلار.

ئۆرۈمچى ـ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى.

**ئەسكەرتىش:**

**يۇقىرىقىدەك ھاللاردا خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا «ئىدى، ئىكەن، ئىمىش، دۇر(تۇر)، بولىدۇ، بولۇپ، سانىلىدۇ، ھېساپلىنىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ياردەمچى پېئىللار قوشۇلۇپ كەلسە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىق قويۇلمايدۇ.**

مەسىلەن:

مەخمۇت ئىتىپاق ئەزاسى ئىدى.

تەن ساقلىق زور بايلىقتۇر.

رەيھانىنىڭ ئانىسى دوختۇر ئىكەن.

باتۇر مىنىڭ ياردەمچىم بولىدۇ.

ئەركىن ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلار بولۇپ سانىلىدۇ.

## ئىشلەپ بېقىڭلار

**1- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ خاتالىرىنى توغۇرلاپ قايتا يېزىڭلار**

1) مەن زاۋۇتتا ئىشلىيسەن ........................................

2) بىز مەكتەپتە ئوقۇيسىلەر.............................................

3) سىز نېمىش قىلىۋاتىمىز؟...........................................

4) سىلەر تۈركىيەگە كەلدىم. .........................................

5) مەن كىتاپ ئوقۇدۇق. .........................................

6) مەن تاماق يەيدۇ.سەنمۇ يەمدۇ؟........................................

**2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە ئىگىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار**

1) مىنىڭ ئاكام ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

2) مەن ھەر كۈنى مەكتەپكە ماشىنا بىلەن بارىمەن .

3) ئايگۈلنىڭ سىڭلىسى مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

4) مەن بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئاتالىيەگە بارىمەن.
5) بىز ھەممىمىز سەفاكوۋىدە ئولتۇرىمىز.

**3ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ھەممىسىنى 3ـشەخسكە ئايلاندۇرۇڭلار**

1) مەن ئاشخانىغا بارىمەن. ..................................
2) سەن تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەيسەن. ..............................
3) مەن بۇغداي ئورۇيمەن. ..................................
4) سىلەر ۋەتىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى. ..............................
5) بىز مەكتەپكە ۋاقتىدا بارىمىز. ..............................
6) مەن ھەرگىز تورخانىغا بارمايمەن. ......................

## ئاساسىي مەشىق

**1ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كىگەيتىپ يېزىپ بېقىڭلار**

1) دادام يۇرتنىڭ تويىسىنى ئىبلىۋالغانىكەن.
..................................................................
2) لېكىن مەن قەيەردىلا بولماي كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.
..................................................................
3) مەن تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.
..................................................................
4) شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھوزۇر بېغىشلىغانىدى.
..................................................................
5) ھەقىقى ۋەتەن ئوغلى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ.
..................................................................
6) ئۇيغۇرلار مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىدۇ.
..................................................................
7) باش باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە ھۆسن قوشىدۇ.
..................................................................

### 2ـ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار؟

1) ياشانغان كىشى نېمە ئۈچۈن ئاتايىن قەشقەردىن توپا ئەكەلدۈردۇ؟

....................................................................................

....................................................................................

2) ياشانغان كىشىنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن نېمە دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغاندى؟

....................................................................................

....................................................................................

3) سۇ يوق شارائىت ئاستىدىمۇ نېمە ئۈچۈن نامرات چارۋىچىلار باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەيدۇ؟

....................................................................................

....................................................................................

4) يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئۈچ مۇساپىرنىڭ يۈرىكى نېمىشقا ئىنچىكە تال چىۋىقتا ئۇرغاندەك ئازاپلىنىپ كىتىدۇ؟

....................................................................................

....................................................................................

5) ئۇيغۇرلار ئۆزى ئەھيا قىلغان باغقا نېمىلەرنى تېرىيدۇ؟

....................................................................................

....................................................................................

### 3ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار

1) ئابدۇللا تۈركىيەگە كەلگىلى ئۈچ يىل بولدى. ئۇ ئەمدى ۋەتىنىنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق. (   )

2) مەن ساۋاقداشلىرىم پاراڭلاشقاندا ئۇيغۇرچە بىلەن تۈركچىنى ئارلاشتۇرۇپ سۆزلەيمەن، چۈنكى ھازىر مۇشۇنداق سۆزلەش مودا. (   )

3) مەن دائىم ۋەتەندىكى تۇققانلىرىم بىلەن تېزراق يۈز كۆرۈشۈش ۋە يۇرتۇمنى تېزراق ئازات قىلىش ھەققىدە دۇئا قىلىمەن. (   )

4) تۈركىيەدە ھەممە ئادەمنىڭ ئىككى ئىسمى بار ئىكەن. مېنىڭ بولسا

ئۈچ ئىسمىم بار. (      )

5) ئانا تىلىمنى ياخشى ئۆگىنىمەن ۋە بۇنىمۇ باشقىلارغا تەۋسىيە قىلىمەن. (      )

## تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى خۇشخەت قىلىپ يېزىڭلار

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك . ........................................

كىشى يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە، ........................................
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول. ........................................

ئات تويغان يېرىگە تارتىدۇ، ........................................
يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتىدۇ). ........................................

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار، ........................................
يۇرتىدىن ئايرىلغان ئۆلگۈچە(يىغلار). ........................................

ئۆگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ، ........................................
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان (يەپتۇ). ........................................



## تەھلىل ۋە مۇلاھىزە

1- مەن ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» ۋە «ئانا يۇرت» رومانلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. روماندا ئانا ۋەتىنىمىزدىكى جەسۇر ئوغۇل-قىزلارنىڭ ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىقى ناھايىتى رۇشەن بايان قىلىنغانىكەن. بولۇپمۇ «ئويغانغان زېمىن» رومانىدا سالى دورغىنىڭ قىزى ئاينىساخاننى ئالماقچى بولغان جاڭجىسا دېگەن بەدبەختنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ غورۇرىنى نامايەن

قىلغان كۆرۈنۈشلەر مىنى بەك تەسىرلەندۈردى.

ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تارىخى رومانلارنى ئوقۇش ئۆتمۈشىمىزنى چۈشىنىشكە بەك پايدىلىق دەپ قارايمەن.



2. ئوقۇتقۇچىمىز ۋە ئاتا-ئانىمىزنىڭ ياردىمىدە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلىرى ۋە تۈنجى تۈركۈمدە ھىجرەت قىلغان مويسىپىتلىرىمىزنى يوقلايلى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلى خاتىرىلەيلى!

## سېغىندىم ۋەتەن

كۆزلىرىم نەملىنەر گاھى پىراقتىن،
بىر ئۇيغۇر كۆرۈنسە يىراق-يىراقتىن.
سېغىنىش دېڭىزى تاشار قىرغاقتىن،
مەن سېنى شۇ قەدەر سېغىندىم ۋەتەن.

خىياللار ھەر قاچان كېتەر سەن تامان،
ئەڭ گۈزەل چۈشلەردە ئۆزۈڭ بار ھامان.
باغرىڭغا كۆمۈلمەك ئەڭ گۈزەل ئارمان،
مەن سېنى شۇ قەدەر سېغىندىم ۋەتەن.



قۇشلارغا قارايمەن نېمىدۇر ئىزلەپ،
ۋەتىنىم ئاسمىنىدىن ئۆتتىمكىن دەپ.
دىللارغا تۇتيا ھەر تاش ھەر گىياھ،
مەن سېنى شۇ قەدەر سېغىندىم ۋەتەن.

(مۇھەممەد مەسئۇد)

# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كىرۇزو

(ئومۇمىي مەزمۇنى)

بىۇرۇن، روبىنزون ئىسىملىك بىر ئەنگلىيەلىك ئۆتكەن. ئۇ دېڭىز سەپىرى ۋە تەۋەككۈلچىلىككە ئامراق بولۇپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن جايغا بارغان، نۇرغۇن خەۋپ-خەتەرگە يولۇققانىدى، ئەمما ئۇ بۇلاردىن ئازراقمۇ قورقۇپ قالمارستىن، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە بېرىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىر قېتىم، روبىنزون كېمىدە جەنۇبىي ئامرىكا قىتئەسىگە بارماقچى بولدۇ، سەپەردە قاتتىق بوران چىقىپ كېمە ماچتىسى سۇنۇپ كېتىدۇ، كېمىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ، يالغۇز ئۇنى دولقۇنلار دېڭىز قىرغىقىغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ نامسىز، ئادەمزاتسىز قاقاس ئارالنىڭ ھەممىلا يېرى تاش ۋە ياۋا ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇ توڭلىغان ھەم قورسىقى ئاچقانىدى، ئەمدى ئۇ مۇشۇنداق يەردە قانداق ياشار؟



ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىز يۈزىمۇ تىنچلىنىپ قالىدۇ.

دېڭىز سۈيى يانغاندىن كېيىن، روبىنزون ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى كېمىنى كۆرىدۇ، يېرىمى دېڭىز يۈزىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كېمە قىرغاقتىن ئانچە يىراقتا ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر نەچچە ياغاچتىن سال ياساپ كېمىنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ بارىدۇ. روبىنزون كېمە بۆلمىسىدىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ۋە يېمەكلىكلەرنى قىرغاققا توشۇيدۇ، ئۇ يەنە ھايات قالغان بىر ئىت بىلەن ئىككى مۈشۈكنىمۇ قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار غېرىپسىنغان روبىنزونغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللىي بولىدۇ. تېخىمۇ

ئاپتورى: دانىل دىفو

قىزىقارلىقى، ئۇ كېمىدىن نۇرغۇن پۇل تېپىۋالىدۇ، لېكىن بۇ تەنها ئارالدا پۇلنىڭ نىمە پايدىسى دەيسىز؟

ئەمدى ئىشى ئاپتاپ ۋە يامغۇر-يېشىندىن دالدىلانغۇدەك جاي تېپىش ئىدى. روبىنزون ئارالنى كېزىپ چىقىپ، تاغ قاپتىلىدىن سۇ، دەل-دەرەخ بار، ياۋايى-ھايۋانلاردىنمۇ قوغدانغىلى بولىدىغان بىر جاينى تاللاپ، ياغاچ ۋە يەلكەندىن ئاددىي چېدىر تىكىدۇ. ئۇ يەردىن دېڭىزنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. روبىنزون بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان كېمىلەرنى كۆرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

روبىنزون جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، كۈنلىرى زېرىكىشلىك ئۆتۈشكە باشلايدۇ. ئۇ كېمىدىن توشۇپ كەلگەن يېمەكلەرنى تېزلا يەپ تۈگىتىدۇ. داۋاملىق ياشاش ئۈچۈن ئامال-چارە تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ.



ئۇ ھەركۈنى مىلتىقنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئورمانلىقتا ئوۋ ئوۋلايدۇ ياكى دېڭىز بويىغا بېرىپ بېلىق تۇتىدۇ، يەنە تېخى ئۆچكىلەرنى تۇتۇۋېلىپ باقىدۇ. كېيىن، ئۇ بىر توپ ئۆچكىنىڭ ئىگىسىگە ئايلىنىپ، سۈت ئىچەلەيدىغان، گۆش يېيەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇ تېپىۋالغان ئازراق بۇغداينى قاشانىڭ ئىچىگە تېرىيدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي بۇغداي مايسىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ، كېيىن ئون نەچچە تال باشاق بولىدۇ. ئۇ بۇغداي ئورۇقلىرىنى تەكرار تېرىيدۇ، تۆتىنچى يىلىغا بارغاندا، ئۇ ئۆزى تېرىغان ئاشلىقنى يېيەلەيدىغان بولىدۇ.

ئون سەككىز يىل ئۆتىدۇ. بىر كۈنى روبىنزون دېڭىز ساھىلىدا تۇيۇقسىز ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى بايقاپ قالىدۇ. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى قورۇقلۇقتىن كەلگەن ياۋايى ئادەملەر قالدۇرغان ئاياغ ئىزى بولسا كېرەك،

دەپ پەرەز قىلىپ، قاتتىق قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ بۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرالغۇسىنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە قوزۇق قېقىپ قاشالايدۇ، يەنە ئۆچكىلىرىنى بىر قانچە جايدىكى ئېغىللارغا بۆلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئىككى يىلنى ئۆتكۈزىدۇ. كېيىن، روبىنزون ياۋايى ئادەملەر قالغان ئوتنىڭ ئىزىنى ۋە چېچىلىپ ياتقان ئادەم سۆڭەكلىرىنى كۆرىدۇ. ۋەھىمە ئىچىدە قالغان روبىنزون ھەرۋاقىت دۈچ كېلىشى مۇمكىن بولغان ياۋايى ئادەملەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق ئويلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ قاقاس ئارالدا يىگىرمە ئالتە يىل ياشىغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئوتتۇز نەچچە ياۋايى ئادەمنىڭ قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ ئارالغا كەلگەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئۇلار نەس باسقان ئىككى ھەمراھىنى قىرغاقتا سۆرەپ چىقىرىپ، بىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، يەنە بىرى جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ روبىنزوننىڭ كەپىسىگە كېلىۋالىدۇ. روبىنزون بۇ ياۋايى ئادەمنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ قوغلاپ كەلگەن ئىككى ياۋايى ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. روبىنزون ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان ياۋايى ئادەمگە «جۈمە» دىگەن ئىسىمنى قويىدۇ. ئۇ «جۈمە» گە ئىش ئۆگىتىشكە باشلايدۇ. «جۈمە» تېزلا ئۇنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە ئاستا-ئاستا سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇلار ئارالدا كۆڭۈللۈك ياشايدۇ، تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كەڭەيتىدۇ، يەنە بىر نەچچە ئۆچكە ئېغىلىنى كۆپەيتىدۇ، نۇرغۇن ئۈزۈم قۇرىتىدۇ. ئۇ ئەنگلىيەگە-مەدەنىي جەمئىيەتكە قايتىشنى ئاساسەن ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

بىر كۈنى سەھەردە «جۈمە» روبىنزوننى تۇۋلاپ ئويغىتىدۇ، ئەسلىدە بىر ئەنگلىيە كېمىسى يېقىن ئەتراپتا توختىغانىكەن. روبىنزون كېمىدە توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، ماتروسلارنىڭ كېمە باشلىقىنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. روبىنزون بىلەن «جۈمە» كېمە باشلىقىنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ، كېمە باشلىقى ئۇلارنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كېتىشكە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلىدۇ. روبىنزون بۇ كېمە بىلەن دېڭىزدا يېرىم يىل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئاخىرى ئەنگلىيەگە قايتىپ كېلىدۇ.

# 3. بۆلەك

## ئۇنتۇلماس ئىزلار

**قەدەم ئىزى  بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.**



-مەھمۇد قەشقەرى

ئىنسانىيەت يارىتىلغاندىن بېرى مىليون يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ جەرياندا ئۇلار نى-نى قىسمەتلەرنى كۆرۈپ، نى-نى ئۆزگىرىش ۋە يىڭىلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە ئۇلاشتى. ئۇلار بۇ ئۇزۇن مۇساپىنى ئىز-دېرەكسىز باسمىدى. تارىخنى ئۇنتۇش ۋە تارىختىن ساۋاق ئالماسلىق كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يوقۇتۇشتۇر. ھەر بىر مىللەتنىڭ باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن تارىخى بولغىنىدەك، ئەلۋەتتە بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆتمۈشتە قالدۇرغان نۇرغۇن ئىزلىرىمىز بار.

بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىزدە يېقىن زامان تارىخىمىزدا خەلقىمىز كۆلگەن ۋە قايغۇرغان ئەنە شۇ ئىزلارنى قىزىپ چىقىرىمىز. ئۆتمۈشتىن تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بىزنى ئەسلىگىنىدە قايغۇرۇپ ئەمەس، پەخىرلىنىپ تۇرۇپ ئەسلەيدىغان بىر ئەۋلاد بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز.



# 7-دەرس

## ئەتىدىكى ئىشلار

ئىككىنچى سائەتلىك دەرس تۈگەپ قوڭغۇراق چېلىنىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار چۇرقىرىشىپ سىنىپتىن چىقىشقا باشلىدى. مەيداندا بەزى بالىلار توپ ئوينىسا يەنە بەزىلىرى ئارغامچا سەكرەش ئويناۋاتاتتى. تۈنۈگۈنكى ساقا سوقۇش ئويۇنىنىڭ نەتىجىسى بالىلار بىر-بىرىنى چىدىماسلىققا چىقىرىش بىلەن ئېنىق بولماي قالغانىدى.

-كېلە، بۈگۈن يەنە ئوينايمىز. ئەمدى كۆرسەن كىمنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى...

ئەھمەد شۇنداق دېگەچ يېنىدىكى ساۋاقدىشى ئابدۇللاھقا قولىدىكى بىر سىقىم ساقىنى كۆرسەتتى.

-چاتاق يوق، ئەمسە تۈنۈگۈنكى بەشەيلەنىنىڭ ھەممىسى كەلسۇن، لېكىن تۈنۈگۈنكىدەك چىدىماسلىق قىلىشقا بولمايدۇ.

-بولدى ھېساپ!

بالىلار قىسقىغىنە 10 مىنۇتلۇق تەنەپپۇس ئارلىقىدىمۇ بۇ سۆيۈملۈك ئويۇنىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيۋاتاتتى.

-قىنى ئەركىن، ئەركىن يوققۇ؟-دېدى ئابدۇللاھ ئەتراپقا بويۇن سوزۇپ.

-ئەركىن سىنىپتا كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ.

ئەركىن دەرستىمۇ ئويۇندىمۇ ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ، بالىلار ئارىسىدا ئالاھىدە ئىناۋىتى بار ئىدى. شۇنداقلا ساقا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىدىمۇ ئۇ بولمىسا قىززىمايتتى. بالىلار ھەممىسى ئەركىننى ئويۇنغا تەكلىپ قىلىش

ئاپتورى: لوقمانجان ھىرائى

ئۈچۈن سىنىپقا كىرىشتى.



-«قوپە ئاداش، تۈنۈگۈنكى ساقا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنىدا چىدىماسلىق قىلغانلارنى تازا بىر قاندۇرۇپ قويايلى چىدىماسلىقىغا»- دېدى ئابدۇسالام ئەركىندىن يالدەم سورىغان تەلەپپۇزدا.

-لېكىن،- دېدى ئەركىن قولىدا تۇتىۋالغان بىر كىتاپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،- بۈگۈنچە سىلەر ئويناپ تۇرۇڭلار، مەن كىتاپ ئوقۇۋاتىمەن. بۇ كىتاپنى تۈنۈگۈن كۈتۈپخانىدىن ئارىيەت ئالغانىدىم. تىرىشىش ۋە توختىماي ئىزدىنىش توغۇرسىدا بەكلا ياخشى مەزمۇنلار بارئىكەن. كىتاپنىڭ مەزمۇنى مىنى بەكلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. خالىساڭلار ئولتۇرۇڭلار، سىلەرگىمۇ ئوقۇپ بېرەي! ساقا ئويۇننى ئەتە ئوينايلى!

ئەركىننىڭ ناھايىتى سالماق ئىش-ھەرىكىتى ۋە ئەخلاقى دائىم ئەتراپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ھىچكىم ئۈندىمەستىن ئەركىننىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقلارغا كىلىپ ئولتۇرۇشتى.

-ئاڭلىدىڭلارمۇ؟-دەپلا سۆز باشلىدى ئەركىن كىتاپ ئىچىدىكى قۇرلارغا ئالدىراش كۆز يۈگۈرتكەچ.

-چەتئەلدىكى بەزى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ئالىملار، يازغۇچىلار، تەنھەرىكەتچىلەر ۋە بايلار ئىنتايىن كۆپكەن. ئۇلارنىڭ باللىق دەۋرلىرىنى ئوقۇپ مەنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ قالدىم. كەلگۈسىدە بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش مۇۋەپپىقىيەت قازانغان كىشىلەردىن بولۇشىمىز كېرەك.

-ئورنۇڭدىن تۇرە ئاداش، مۇشۇ ھاياجىنىڭ بىلەن بۈگۈن ساقا ئويناپ قالساڭ ھېچ بولمىسا تۈنۈگۈنكى يېرىم مۇۋەپپىقىيەتنى پۈتۈنلەپ ساقا

ئويناش چېمپيئونى بولۇپ، كىينچە مەكتەپنىڭ تام گېزىتىگە ئىسمىنىڭ چىقىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.- ئەركىننىڭ كىتاپتىن ئالغان تەسىراتى خوشياقمىغان ئابدۇللاھ شۇنداق دەپلا ئوتتۇرلۇقتا گەپ قىستۇرۇپ ھەممىنى كولدۇرۋەتتى.

دېمىسىمۇ پوتون ئەس-يادى تونۈگونكى ئويۇننىڭ قىززىقتۇرۇشىدا تۇرۇۋاتقان باللارغا ئەركىننىڭ بۇ سۆزلىرى ئانچە خوشياقمىغاندى.

باللارنىڭ پاراڭلىرى شۇنداق داۋاملىشىپ، تەكلىپ بىلەن رەت قىلىش ئارىسىدا مەسلىھەتى پىشىپ بولغىچە قوڭغۇراق چېلىنىپ، سىنىپ مەسئۇلى پاتىگول مۇئەللىم كىرىپ كەلدى.

-ھەممىڭلار جايىڭلارغا بېرىپ ئولتۇرۇڭلار، دەرس باشلايمىز. ئابدۇسەمەت، ئورنۇڭغا بېرىپ ئولتۇر!

پاتىگول مۇئەللىم باللارنى رەتكە سالغاچ ئەركىننىڭ قولىدىكى كىتاپقا قاراپ قويدى.

-دەرس باشلاندى، ئەدەبىيات كىتابىڭلارنى ئېلىڭلار، نېمە ئوقۇۋاتىسەن بالام؟

ئەركىن كىتاپتىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەن قىياپەتتە ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى ئوقۇۋېتىپ جاۋاپ بەردى.

-تونۈگون بۇ كىتاپنى كوتۈپخانىدىن ئارىيەتكە ئالغانىدىم. ئادەمگە بەك ئىلھام بېرىدىكەن. مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇغاندىن كىيىن بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كىتاپتىكى قەھرىمانلاردەك كىشىلەرنىڭ چىقمىغىنىغا سەل ئۆكۈنۈپ قالدىم. بىزدىنمۇ نېمىشقا نيوتۇندەك كەشپىياتچىلار ۋە بىلگايتىستەك كارخانىچىلار چىقمىغان بولغۇيتى؟!



ئابدۇللاھ ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە كىتاپنى ياپتى.

پاتىگۈل مۇئەللىم گەرچە ئابدۇللاھنىڭ تىرىشچانلىق روھىدىن خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلار ئىچىدىن نېمىشقا ئۇنداق كىشىلەر چىقمىغان بولغۇيتى؟»- دېگەن سۆزىگە چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى.

-بالام، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، زىيالىيلىرى، يازغۇچىلىرى، كەشپىياتچىلىرى ھەمدە كارخانىچىلىرى بولىدۇ. بەلكىم بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىملىرى ۋە زىيالىيلىرى بەزى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە قارىغاندا ئۇنچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما بىزنىڭمۇ دۇنياغا مەشھۇر ئالىملىرىمىز، داڭلىق كىشىلىرىمىز ئۆتكەن. گەپ بىر مىللەت ئىچىدىن ئەنە شۇنداق ئىلغار كىشىلەرنىڭ چىقماسلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ تارىخىنى بىلمەسلىكىمىز، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرلەپ تۇرماسلىقىمىزدا.



ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

-مۇئەللىم،- دېدى قەيسەر قول كۆتۈرۈپ.

-بىزنىڭ «مەخمۇت قەشقەرى» ۋە «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»تىن باشقىمۇ ئەركىن دېگەندەك بىلگايتىستەك داڭلىق شەخسلىرىمىز بارمۇ؟

-ئەلۋەتتە بار، ھەتتا دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزلىرى بولغان پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن، ھەققى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، بۇلارنى ۋە بۇلارنىڭ ئىش-

ئىزلىرىنى بىلمەسلىكتۇر.

جىممىدە ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقان ئەركىن بىردىنلا،-«سۆزلەپ بېرىڭە مۇئەللىم، ئۇ كىم؟»-دېدى ھاياجان بىلەن.

-ھازىر دەرسلىكىڭلارغا قاراڭلار، ئەگەر خالىساڭلار بۇنىڭ جاۋابىنى تېپىپ كېلىش تاپشۇرۇقىنى مەن سىلەرگە بېرەي، سىلەر ئۆزەڭلار ئىزدىنىپ بېقىڭلار! ئەتىدىكى دەرسىمىزدە مەن سۆزلەپ بېرەي!

-قارا تىرىشچان يىگىت،- دېدى ياندا ئولتۇرغان ئابدۇللاھ ئەركىننى ئاستا نوقۇپ تۇرۇپ،- ھەممىسى ئەتىگە قالدى.



## كۆنۈكمە

**1.تېكىستنى روللارغا بۆلۈپ ھېسسىياتلىق ۋە جانلىق ئوقۇڭلار**

**2.مۇئەللىمنىڭ « بىزنىڭمۇ دەۋرىنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزلىرى بولغان پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن، ھەققى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، بۇلارنى ۋە بۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بىلمەسلىكتۇر.»دېگەن سۆزىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟**

**3.سىلەرچە پاتىگۇل مۇئەللىم ئەتىدىكى دەرستە قايسى مەشھۇر شەخسنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن؟ ئويلىغانلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.**

**4-سىلەر ئەتراپىڭلاردا بىلىدىغان مەشھۇر شەخسلەر بارمۇ؟ئۆزۈڭلارنىڭ بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بېقىڭلار**

# 8- دەرس

## ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار

قوڭغۇراق چېلىندى.

ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى. بالىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇئەللىم !

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بالىلىرىم! ئولتۇرۇڭلار!

- تۆنۈگۈن سىلەرگە ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىشنى تاپىلىغانىدىم، تەييارلىدىڭلارمۇ؟

-ھەئە!

-قېنى كىم سۆزلەپ باقىدۇ؟

بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىزدەنگەنلىرى بويىچە ھەر خىل جاۋاپلارنى بېرىشتى.

-ھەممىڭلارنى تەبرىكلەيمەن، ياخشى ئىزدىنىپسىلەر! مەن سىلەرگە بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادا ئۇتتۇق قازانغان ۋەتەنپەرۋەر بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرىمەن.

پاتىگۈل مۇئەللىم دوسكىغا «پەخىرلىك ئەجدادلار» دەپ يازدى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىۋەتكەندىن كېيىن:

-ساۋاقداشلار! دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار، بۈگۈن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ۋەتىنىمىزنىڭ غولجىدا ياشاپ ئۆتكەن ھۆسەنباي ۋە باھاۋۇدۇن باي ئاتلىق ئىككى مۇھىم شەخس ھەققىدە توختىلىمىز. ئۇلار كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن «ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلار ھاياتىدا نۇرغۇن ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقى دەرسىمىزدە

لوقمانجان ھىرائى (تورديكى ئەسلى شەكلىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلدى)

پەقەت ئۇلاردىن ئازغىنە بىر قىسمىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئەينى ۋاقىتتا گۈزەل دىيارىمىز شەرقىي تۈركىستاندا پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتكە ئائىت ھېچ قانداق تەرەققىيات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئەقىللىق تىجارەتچى ھۈسەنباي چەتئەللەردە قىلغان تىجارىتىدە كۆپ پايدا ئالغان ۋە نۇرغۇن دۆلەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە بەك ئارقىدا قالغانلىقىنى، چەتئەللەردىكى زامانىۋى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتلىرىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىسىنىڭ بەكلا قالاق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان.

ئىلغار ئىدىيەلىك ھۈسەنباي 1904- يىلى ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينى نۇرغۇن پۇل بىلەن گېرمانىيەدىن زاۋۇت ئەكىلىش ئۈچۈن يولغا سالغان.

باھاۋۇدۇن باي ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئاخىرى گېرمانىيەنىڭ فىرانكفورت شەھىرىدىكى بىر سانائەت شىركىتىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنى زاكاز قىلىدۇ.

شىركەت سودا توختامى تۈزۈلۈپ ئىككى يىلدىن كېيىن زاۋۇتنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. شۇ يىلى گېرمانىيەدىن تەكلىپ قىلىنغان تېخنىك خادىملارنىڭ مەسئۇللىقى بىلەن زاۋۇت رۇسىيە ئارقىلىق غولجىغا توشۇلۇشقا باشلايدۇ. زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى رۇسىيە چېگرىسىغا كىرگەندە ھاڭ-تاڭ قالغان چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى بۇ زاۋۇتنى رۇسىيە چېگرىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە يول قويمايدۇ. ناھايىتى جاپالىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى زاۋۇتنى ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە، ئۇنداق بولمىغاندا مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىنتايىن ناچار



شارائىت
ئاستىدا زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى
گېرمانىيەدىن پويىز بىلەن 3ـ4 مىڭ كىلومېتىردەك مۇساپىنى بېسىپ، قاتمۇـقات تەكشۈرۈشلەردىن ئۆتۈپ 15 ـ كۈنى رۇسىيەنىڭ ئومسكى شەھىرىگە توشۇپ كېلىنگەندە، چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى بەرگەن رۇخسەتتىن يېنىۋېلىپ زاۋۇتنى تارتىۋالماقچى بولىدۇ.

تالاي قېتىملاپ يولنى مېڭىش نەتىجىسىدە زاۋۇت ئومسكى شەھىرىدىن پاراخوتقا قاچىلىنىپ، ئېرتىش دەرياسى ئارقىلىق 1000 كىلومېتىرغا يېقىن يول يۈرۈپ شەمەيگە، ئۇ يەردىن قازاقىستاننىڭ ياركەنت شەھىرىگە توشۇپ ئەكىلىنىدۇ. ياركەنت شەھرى بىلەن غولجا ئارلىقىدىكى يوللار بەكمۇ ناچار بولغانلىقتىن، مۇنداق چوڭ تىپتىكى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى بېسىلغان ماشىنىلار ماڭالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى ھەر قەدەمدە بىر ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇلارغا زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما باھاۋۇدۇنباي قىلچە تەۋرەنمەي جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، زاۋۇتنى چوقۇم شەرقىي تۈركىستاننىڭ غولجا شەھرىگە ساق-سالامەت يەتكۈزمەكچى بولىدۇ. ياركەنت غولجا ئارىسىدىكى يوللار بەك ناچار بولغاچقا مىڭلىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار يول ياسايدۇ ۋە شۇنداقلا 286 دانە چوڭ-كىچىك كۆۋرۈك سېلىنىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى چۇۋۇپ پارچىلايدۇ. ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرى تۆت توننا، ئەڭ يەڭگىلى بىر يېرىم توننا كېلەتتى. بۇلارنى توشۇيدىغان قاتناش قۇرالى بولمىغانلىقتىن، ئېغىر يۈك كۆتۈرىدىغان ھارۋىلارنى ياسايدۇ. 96 تۇياق ئۆكۈز تەييارلىنىپ، ھەر بىر ھارۋىغا ئالتىدىن 12گىچە ئۆكۈز قېتىلىدۇ. ئاخىرى زاۋۇت غولجا زېمىنىغا توشۇپ كېلىنىدۇ ۋە زاۋۇت قۇرۇلۇشى 1907ـيىلى كۈزدە باشلىنىپ 1909ـيىلى ئاساسىي بىناسى ھەمدە 25 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۇرخۇنى پۈتۈپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ. زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىچە بولغان

ئارلىقتا
كەتكەن چىقىم نىسبىتى
10توننا سەككىز يۈز كىلوگرام ئالتۇنغا باراۋەر بولىدۇ.

جاپا-مۇشەققەتكە باش ئەگمەس روھىغا ئىگە بۇ ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ غولجىدىكى بۇ زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتنىڭ تۈرى 40 خىلدىن ئېشىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىلا بازار تېپىپ قالماستىن، خەلقئارا بازاردىمۇ ئەتىۋارلىق مال قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ زاماندا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا «غولجا تېرە زاۋۇتى»دەك بىر زاۋۇت يوق ئىدى. ھەتتا دۇنيادا ئۆزىنى كۈچلۈك سانايدىغان چار رۇسىيە ھۆكۈمىتىمۇ خىلى ئۇزۇن يىللارغىچە ھەربىي ئاتنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرىنى، قىلىچدان(غىلاپ)، سومكا قاتارلىقلارنى مۇسا بايلاردىن ئالىدۇ. قىسقىغىنە بىر قانچە يىل ئىچىدە غولجا تېرە زاۋۇتىنىڭ مەبلىغى بىر قانچە مىليون سوم تىللا پۇلدىن ئېشىپ، ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار ئاسىيا قىتئەسى بويىچە ئاتاقلىق مىلياردېرلارغا ئايلىنىدۇ.

«مۇسا بايلار تېرە زاۋۇتى» نىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار شەرقىي تۈركىستان مىللىي سانائىتىنىڭ باشلامچىلىرى سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ.



مۇئەللىم سۆزىنى تۈگەتتى. ئوقۇغۇچىلار ھەققەتەن ھەيران قالغانىدى. چۈنكى كالا ھارۋىسىدا گېرمانىيەدىن زاۋۇت ئەكىلىش دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ۋەقەلىك بولۇپ، دەۋرىمىزدە دۇنيانىڭ فابرىكىسى دەپ ئاتالغان خىتايلار ئۇ چاغلاردا «زاۋۇت» دېگەن ئاتالغۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

## كۆنۈكمە

1ـ ئوقۇتقۇچىلار تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ھالدا ئوقۇپ بەرسۇن، ھەممىڭلار كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار ۋە تېكىستتە سۆزلەنگەن ۋەقەلىكنى ئويلاپ بېقىڭلار. تەسەۋۋۇرۇڭلارغا ئاساسەن كۆز ئالدىڭلارغا نېمىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار

2ـ زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم رولى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار

3ـ تېكىستنىڭ «ئەينى ۋاقىتتا گۈزەل دىيارىمىز شەرقىي تۈركىستاندا پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتكە ئائىت ھېچ قانداق تەرەققىيات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.» دېگەن يەردىن ئاخىرىغىچە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار

4ـ ۋاقىتىڭلار يار بەرسە «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چىقىڭلار.



ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار

ئاكىسى ھۈسەنباي 1844- يىلى تۇغۇلۇپ، 1926- يىلى ۋاپات بولغان.
ئىنىسى باھاۋۇدۇن باي 1851- يىلى تۇغۇلۇپ، 1928- يىلى ۋاپات بولغان.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا خەلقىمىزگە شانلىق مەشئەلنى ياققان، ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئاقارتىش خىزمىتى ئېلىپ بارغان بىر شەخس بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇر يىگى مائارىپىنىڭ بايراقدارى، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلەت شىئىرىنىڭ يازغۇچىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ۋەكىلى، ئوت يۈرەك شائىر ۋە ئىنقىلاپچى مەمتىلى توختاجى(تەۋپىق)دۇر.

بىز بۇ سۆيۈملۈك بوۋىمىز «مەمتىلى ئەپەندىم»دىن بىر ئۆمۈر پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز، چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا مەمتىلى ئەپەندىم يىگى زامان مىللىي مائارىپىنىڭ نۇرلۇق مەشئىلىنى ياققان چاغدا، ئەتراپىتىكى قوشنا دۆلەتلەر تېخى ئۇنىڭ شام چىرىقىغىمۇ ئوت تۇتاشتۇرمىغان ئىدى.

## 9-دەرس

## نۇرلۇق مەشئەل

شۇنداق قىلىپ مەمەتئىلى ئەپەندىمنىڭ ئاتۇشتا باشلىغان مائارىپ ھەرىكىتى قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ۋەھالەنكى ئۇ چاغلاردا تۈزۈكرەك دەرس ئۆتۈدىغان مۇئەللىم بولمىغاچقا، غايە چوڭ، ئىرادە كۈچلۈك بولسىمۇ بۇخىزمەتنى جايىدا ئېلىپ مېڭىش ھەققەتەن قىيىن ئىدى.

دەسلەپكى قەدەمدە مەمەتئىلى ئەپەندىم ئاتۇشنىڭ ئوڭئېرىق كەنتىدە «مۇئەللىملەر مەكتىپى»نى ئاچقان ھەم ئالتە ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 60 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسىنى بەرگۈدەك سەۋىيەگە كەلتۈرگەن. يىگى مەكتەپلەرنى سالىدىغان قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە مائارىپ خىراجىتى مەسىلىسىنى «ئاتىلار ھەيئىتى» قۇرۇش



توردىن ئېلىندى



ئارقىلىق
ئاتۇشتىكى
مەرىپەتپەرۋەر بايلارنى
ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شۇلارنىڭ ياردىمى
ئارقىلىق ھەل قىلغان. شۇنداق قىلىپ
1934- يىلى 8- ئايدىن 1935- يىلى 1- ئايغىچە
بولغان ئالتە ئاي ئىچىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24
كەنتىدە 24 باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىپ، ئۇيغۇر مىللىي
مائارىپ تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان. دەسلەپكى
قەدەمدە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مىسلى
كۆرۈلمىگەن يېڭىلاش ۋە ئاقارتىش ۋەزىيىتىب شەكىللەندۈرگەن.
كۈندۈزى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەرسە، كېچىلىرى كەچلىك
كۇرۇسقا تىزىملاتقانلارغا دەرس بەرگەن. مۇشۇ جەرياندا خەلق
بىلەن يېقىنلىشىپ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن
دېھقانلارغا ياردەم قىلىش، يول بويلىرىغا مىڭلارچە تۈپ كۆچەت تىكىشكە
ئوخشاش خىزمەتلەرنى قىلغان.

مەمەتئىلى ئەپەندىم بۇ ئالتە ئاي ئىچىدە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى
كەلمىگۈدەك پىداكارانە روھىنى، چىدامچان خىسلىتىنى، ئەقىل-پاراسەت
ئۈستۈنلۈكىنى، پولاتتەك ئىرادىسىنى نامايەن قىلغان. ئۇنىڭدىكى ئۆز
غايىسى ئۈچۈن كۆيۈپ كۈل بولۇشقا تەييار پىداكار ئەزمەتلەردىلا
بولىدىغان بۇ ئېسىل ئالاھىدىلىكلەر كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان.
ئەينى چاغدا مەمەتئىلى ئەپەندىمنىڭ «مۇئەللىملەر مەكتىپى» دە
ئوقۇغان بىر شاگىرتى ئۆز ئەسلىمىسىدە شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋال
توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن:« كۆپ ۋاقىتلاردا مەمەتئىلى ئەپەندىم
باشقا كەنتلەردىن قايتىپ كېلىپ،
ئۇدۇللا دەرسخانىغا كىرگىنىدە، بىز ئۇنىڭ

بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلاتتۇق. لېكىن مەمتئىلى ئەپەندىمنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ كىرىپلا، ئالدى بىلەن بىزگە ناھايىتى خۇشال ھالدا كەنتلەردە مەكتەپ سېلىشنىڭ بەك ياخشى كېتىپ بارغانلىقىنى، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنچى بارلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن دەرس ئۆتۈشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھەرىكىتى ۋە ئۈمىدۋار جۇشقۇن قىياپىتىنىڭ ئۆزى بىزگە ناھايىتى چوڭ تەربىيە ۋە ئىلھام بولاتتى. بىز ئاز دەم ئېلىپ جىقراق ئوقۇشقا كۈچ چىقىراتتۇق. مۇشۇنداق چوڭ ھەرىكەتتە مەمۇرىي، تەشكىلىي، ئىلمىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىدىغان ئادەم بىرلا ئاشۇ مەمتئىلى ئەپەندىم ئىدى. مەكتىپىمىزنىڭ بىردىن - بىر ئوقۇتقۇچىسىمۇ مەمتئىلى ئەپەندىم بولۇپ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، تارىخ دەرسلىرىنى ئۆتەتتى.

مەلۇمكى، مەمتئىلى ئەپەندىم 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى 36 يېشىدا خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن پاجىئەلىك قەتلى قىلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئاچقان مىللىي مائارىپ ھەرىكىتىمۇ داۋاملىشىۋاتقىلى 36 ئاي بولغان ئىدى.

مۇئەللىم-بىز، يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.



تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئېلىم-ئىرپان يولىغا شۇنچە زار بولدۇق.
خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز ۋەتەننىڭ يېڭىدىن ئېچىلغان گۈلى.
ئوقۇتىمىز ئەۋلاتنى يېڭى پەن بىلەن،
پۇختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

يورۇق تاڭغا تەلپۈندى ۋىلايىتىمىز،
ئىلىم بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى ئىرپانغا يۇرتىمىز ئاتۇش،
ئىرپان بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.

## كۆنۈكمە

**1-تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار، شېئىرنى ئوقۇغاندا ئاشۇ ئۇستازلارغا ۋە ئەجدادلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار**

**2-ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ بايراقدارى «مەمەتئىلى ئەپەندىم» ھەققىدە يەنە نېمىلەرنى بىلىسىلەر؟ ئاڭلىغانلىرىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار**

**3- «مەمەتئىلى ئەپەندىم» ئالتە ئاي ئىچىدە قايسى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى؟ ئۆيگە قايتقاندا ئائىلە ئەزالىرىڭلار بىلەن بۇ توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزۈڭلار**

**4- سىلەرگە ئەڭ تەسىر قىلغان ئابزاس قايسى؟ ئاشۇ ئابزاسنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار**



## ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تونۇش

ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىگە ئۇلىنىدۇ. بەزىدە ئىسىملارغا ئاۋۋال كۆپلۈك قوشۇمچىسى، ئاندىن تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ئاخىرىدا كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. ئومۇمەن، كېلىش شەكىللىرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ھاسىل بولىدۇ:

ئىسىم + سان + تەۋەلىك + كېلىش.

مەسىلەن: كىتاب (بىرلىك ئىسىم) + لار (كۆپلۈك) + ىم (تەۋەلىك) + نى (كېلىش) كىتابلىرىمنى.

ئىسىمنى جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن باغلايدىغان، ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان قوشۇمچىلار كېلىش قوشۇمچىلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كېلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىشى تۆۋەندىكىچە:

### 1.باش كېلىش

ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى باش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم جۈملىدە ئىگە، خەۋەر، ئېنىقلىغۇچى ۋە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە ئىنتايىن كۆيىنىدۇ.

بىزنىڭ قوشنىمىز دوختۇر. سېلىم ـ ئوقۇتقۇچى. مەن بازاردىن ياغاچ قوشۇق سېتىۋالدىم. مەكتىپىمىزدە ئايال ئوقۇتقۇچىلار كۆپ. ھۆرىگۈل، نەگە كېتىپ بارىسىز؟

## 2.ئىگىلىك كېلىش

ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى ئىگىلىك كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-نىڭ» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە كۆپ ھاللاردا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزى ھاللاردا خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: خوتەننىڭ گىلىمى داڭلىق. بىز مۇدىرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلار ئاينۇرنىڭ ئۆيىگە كېتىشتى. بۇ رومان نۇرمۇھەممەتنىڭ.

بەزى ھاللاردا (ئىگىلىگۈچى شەيئى بىلەن ئىگىلەنگۈچى شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ زىچلاشقاندا، ئابستراكتلاشقاندا) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىم ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: شەرقى تۈركىستان خەلقى، كۈرەش قەھرىمانى، ئالما مۇرابباسى، ئوقۇتۇش پىلانى.

## 3.چۈشۈم كېلىش

ئىسىمنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى چۈشۈم كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «-نى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: مېنىڭ قاناس كۆلىنى بىر كۆرگۈم بار. ياتاقنى تازىلىدىڭىزمۇ؟ بىز ۋاقىتنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

بەزىدە چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم بىلەن بېقىندۇرغۇچى سۆز (پېئىل) نىڭ مۇناسىۋىتى زىچلاشقاندا «-نى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ

قالدۇ، چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئۇنداق ئىسىم يەنىلا چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم ھېساپلىنىدۇ.

مەسىلەن: خەت يېزىش، كىر يۇيۇش، ئوت ئوتاش، سۇ سېپىش.

ئەسكەرتىش: چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى شېئىرلاردا «ـىن» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

«يەر يۈزىن بوشات!» دېگەندەك تەگدى ئەغيارىمغا خەت.

ـنىمشىھت

## 4.يۆلىنىش كېلىش

ئىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى يۆلىنىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ يۆلىنىش كېلىش شەكلى ئىسىملارغا «غا، قا، گە، كە، قە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يۆلىنىش كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا سوزۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قائىدىسى بويىچە ئۇلىنىدۇ. يۆلىنىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئوقۇتقۇچىلار مەيدانغا يىغىلدى. ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپقا كىردى. پاكزات دەرياغا سەكرىدى. ئادەمنىڭ تېشىغا باقما، ئىچىگە باق.

## 5.چىقىش كېلىش

ئىش-ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى، شەيئىنىڭ نىمىدىن ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى چىقىش كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ چىقىش كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دىن، -تىن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئاخىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ياكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان

سۆزلەرگە «-دىن» ئۇلىنىدۇ، ئاخىرى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە «-تىن» ئۇلىنىدۇ. چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز غولجىدىن كەلدۇق، ئۇلار قاغىلىقتىن كەپتۇ. (ھالەت)

ئەقىل باشتىن چىقىدۇ، ئالتۇن تاشتىن چىقىدۇ. (ھالەت)

يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن. (ھالەت)

## 6. ئورۇن-پەيت كېلىش

ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى، شارائىتى، ۋاستىسى قاتارلىق تەرەپلەرنى بىلدۈرىدىغان كېلىش شەكلى ئورۇن-پەيت كېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ ئورۇن-پەيت كېلىش شەكلى ئىسىمغا «-دا، -دە، تا، تە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ئورۇن-پەيت كېلىشنىڭ قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۇلىنىدۇ. ئورۇن-پەيت كېلىشتىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە، خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ھەسەنجان يىزىدا ئىشلەيدۇ. ساۋۇتجان ئاۋاتتا تۇغۇلغان. زۇلپىيە ماقالىنى ئىككى سائەتتە پۈتكۈزدى. (ھالەت)؛ مېنىڭ ئۆيۈم قەشقەردە. ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە. (خەۋەر)؛ ئەركىنىدە نۇرغۇن قاشتېشى بار. (ھالەت)

ئەسكەرتىش: تىلىمىزدا ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن «بىلەن» تىركەلمىسىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىدىغان ئەھۋال بار.

مەسىلەن: ماشىنىدا باردۇق ـ ماشىنا بىلەن باردۇق.

ئايروپىلاندا كەلدۇق ـ ئايروپىلان بىلەن كەلدۇق.

## ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالتە كېلىشنىڭ ئاتالغۇ ۋە مىساللىرى

① باش كېلىش: (         ) ئۆي، يول، سىنىپ، ئوقۇغۇچى، ئەينەك

② ئىگىلىك كېلىش: ( نىڭ) ئۆينىڭ، يولنىڭ، سىنىپنىڭ، ئوقۇغۇچىنىڭ، ئەينەكنىڭ

③ چۈشۈم كېلىش: (نى) ئۆينى، يولنى، سىنىپنى، ئوقۇغۇچىنى، ئەينەكنى

④ يۆنىلىش كېلىش: (غا، قا، گە، كە) ئۆيگە، يولغا، سىنىپقا، ئوقۇغۇچىغا، ئەينەككە

⑤ چىقىش كېلىش: (دىن، تىن) ئۆيدىن، سىنىپتىن، ئوقۇغۇچىدىن، ئەينەكتىن

⑥ ئورۇن-پەيت كېلىش: (دا، دە، تا، تە ) ئۆيدە، يولدا، سىنىپتا، ئوقۇغۇچىدا، ئەينەكتە




### 1ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە توغرا دەپ قارىغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار

1)ئايگۈل مېھرىبانغا/مېھرىباندىن/ مېھرىباندا كىتاپ بەردى.

2)ياشانغان كىشى يولنى/ يولنىڭ/ يولدىن ئۆتۈۋاتىدۇ.

3)مەن بۈگۈن مەكتەپتىن/ مەكتەپكە /مەكتەپ كېچىكىپ قالدىم.

4)مەن مۈشۈكتىن/ مۈشۈككە/ مۈشۈكتە قورقمايمەن،ئەمما ئىتتە/ ئىتنى/ ئىتتىن قورقىمەن.

5)سەن كىمدىن/ كىمگە/ كىمنىڭ سوئال سوراۋاتىسەن؟

6) بىز بۇ كىتاپتىن/ كىتاپنىڭ/ كىتاپ بىلەن نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندۇق.

7) خىتاي ۋىرۇسى تارقالدى. ئۆيگە/ ئۆينى/ ئۆيدىن سىرتقا چىقماڭلار.

8)مۇئەللىم ئىشكاپنىڭ/ ئىشكاپتىن/ ئىشكاپقا كىتاپ ئالدى.

9) ئىشتىن/ ئىشقا/ ئىشقا چۈشۈپ ئۆيگە كەلسەم، ئۆيىنىڭ/ ئۆيدە/ ئۆيىنى ھېچكىم يوق.

10) ئەركىن كىتاپنى/ كىتاپتا/ كىتاپتىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاپ بەردى.

**2ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قايسى كېلىش ئىكەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار**

1) مەن ساڭا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. (                    )

2) سۈتۈق بۇغراخان لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سالدى.(                    )

3) ئانا تىلىم- مېنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىم.(                    )

4) ئەبەيدۇللا 2008-يىلى تۇغۇلغان. (                    )

5) پەن-تېخنىكىنى چوقۇم تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.(                    )

6) سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۈرۈچ دەم يەپتۇ.(                    )

7) سەن ئۇ يەرگە نېمىشقا باردىڭ؟ (                    )

8) ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى. (                    )

9) فاتىمەنىڭ دادىسى دوختۇر، ئانىسى ئوقۇتقۇچى. (                    )

10) مەن ئىستانبۇلدىن ئەنقەرەگە ئايروپىلان بىلەن كەلدىم. (          )

**3ـ تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇڭلار ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار**

بىز مىللىتىمىزنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئاز-تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. تارىخىمىز ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىزنى ساۋاقداشلار ئارا سۆزلىشىپ باقايلى. ئالدى بىلەن كىچىك گۇرۇپپىلاردا سۆزلەيلى. قايسى خىل ئۇسۇلدا كۆپچىلىككە تونۇشتۇرۇشنى ئويلىشىپ باقايلى. ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى سۆزلىگەندە، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەر تولۇقلىسا، باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر سوئال سورىسا بولىدۇ. ئاخىرىدا، قايسى گۇرۇپپىنىڭ پائالىيىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى باھالاپ باقايلى.

## ئاساسىي مەشىق

### 1ـ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار

1) ئەركىن ئىيتقاندەك راستىنلا ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ياكى داڭلىق شەخسلەر ئۆتمىگەنمۇ؟

2) پاتىگۇل مۇئەللىم نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق شەخسلىرىنى سوئال سورىغاندا جاۋاپ بەرمەستىن، ئەتىسى دەپ بەرمەكچى بولىدۇ؟

3) سىز بۇرۇن «ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار» ھەققىدە ئاڭلىغانمىتىڭىز؟

4) مەمتىلى ئەپەندىم ئالتە ئاي ئىچىدە قانداق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولالىدى؟

5) يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا مەمتىلى ئەپەندىمگە ئوخشاش مائارىپچىلار ئۆتكەنمۇ؟ بۇ توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىڭلار بارمۇ؟

### 2ـ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ توغرا جاۋابىنى تاللاڭلار

1) ھۆسەنباي ئىننىسى باھاۋۇدۇن باينى قانچىنچى يىلى گېرمانىيەگە زاۋۇت ئەكىلىش ئۈچۈن يولغا سالغان؟

ئا: 1902　　ب: 1904　　ج: 1905　　چ: 1906

2) باھاۋۇدۇن باي زاۋۇتنى ئېلىپ قايسى دۆلەت تەۋەلىكىگە كەلگەندە توسۇپ قېلىنىدۇ؟

ئا: ئامېرىكا　　ب: خوتەن　　ج: چار رۇسىيە　　چ: بىلىرۇسىيە

3) باھاۋۇدۇن باي يولنىڭ ناچار بولۇشى سەۋەپلىك يولغا قانچە كۈن سالىدۇ؟

ئا: 254　　ب: 288　　ج: 297　　چ: 286

4) زاۋۇتنى ئەكىلىپ ئىشقا چۈشكىچە بولغان ئارلىقتا قانچە توننا ئالتۇننىڭ باراۋەردە چىقىم بولىدۇ؟

ئا: بەش توننا　　ب: 10 توننا 800　　ج: 10 يېرىم توننا　　چ: 30 توننا

5) مەمەتئىلى ئەپەندىم قانچە يېشىدا شېھىت قىلىندى؟

ئا: 36 ب: 26 ج: 35 چ: 46

6) مەمتىلى ئەپەندىم قىسقىغىنا ئالتە ئاي ئىچىدە قانچە نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرى؟

ئا: 55 ب: 67 ج: 61 چ: 60

**3ـ ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار**

1) تۈنۈگۈنكى ساقا سوقۇش ئويۇنىنىڭ نەتىجىسى باللار بىر-بىرىنى چىدىماسقا چىقىرىش بىلەن ئېنىق بولماي قالغاندى. (  )

2) ئەركىن دەرستىمۇ، ئويۇندىمۇ ھەممىنىڭ ئالدى بولۇپ، باللار ئارىسىدا ئالاھىدە ئېناۋىتى بار ئىدى. (  )

3) ھەتتا دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزلىرى بولغان پەخىرلىك ئەجدادلىرىمىز ئۆتكەن. (  )

4) بىز ئۇنىڭ بەك چارچىغانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشقا تەكلىپ قىلاتتۇق. (  )

5) ئەينى ۋاقىتتا گۈزەل دىيارىمىز شەرقىي تۈركىستاندا پەن-تېخنىكا ۋە سانائەتكە ئائىت ھېچ قانداق تەرەققىيات مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. (  )

6) ئۆزلىرىنىڭ تېرە پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان قول سانائەت كارخانىسىنىڭ بەكلا قالاق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. (  )

7) زاۋۇتنى ئۈچ ئاي ئىچىدە رۇسىيە زېمىنىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە، ئۇنداق بولمىغاندا مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. (  )

8) ياركەنت شەھىرى بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى يوللار بەكمۇ ناچار بولغانلىقتىن، مۇنداق چوڭ تىپتىكى زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرى بېسىلغان ماشىنىلار ماڭالمايتتى. (  )

## يېزىقچىلىق مەشقى

بۇ باپنى ئۆگىنىش جەريانىدا تارىخىمىزغا بولغان چۈشەنچە ۋە ھېسسىياتىمىزغا ئاساسەن، ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، «تارىخىمىزنى ئۇنۇتمايلى!» دېگەن تېمىدا بىر پارچە نوتۇق تېمىسى يازايلى.

نوتۇق تېكىستىنى يېزىشتا، تېكىستنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ، ئالدىنقى بۆلەككە يورۇتۇپ بەرمەكچى بولغان مەقسىدىمىزنى قىسقىغىنە ئىپادىلەيلى. ئىككىنچى بۆلەك ئاساسىي بۆلەك بولۇپ، ئۇنىڭدا پايدىلانغان ماتېرىياللاردىن مىساللارنى ئېلىپ يازايلى. بۇ بۆلەكتە سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇن ئۇزۇن بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە بولسا، يۇقىرقى ئىككى بۆلەكتە سۆزلەنگەن مەقسەت-مۇددىئالار خۇلاسىلەنگەن ئاساستا قىسقا بىر قانچە قۇردىن تەركىب تاپسۇن.

## مېنىڭ كۈتۈپخانام

سۈرەتتىكىلەر تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەردۇر. كىملەرنى تونۇيسىلەر؟ ئىسىملىرىنى ئاستىدىكى بوش ئورۇنلارغا يېزىپ بېقىڭلار


------------


------------


------------


------------

   

## 5- ئىيول قىرغىنچىلىقى



2009-يىلى 7- ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇيغۇرلار تارىختىكى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر كۈنگە شاھىت بولدى.

خىتاينىڭ ناھەق سىياسىتى، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان زۇلمى ۋە شۇنداقلا تەڭسىز سىياسەتكە تىنچلىق يولى بىلەن نامايىش قىلىش ئۈچۈن چىققان ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتى رەھىمسىزلەرچە ئوققا تۇتۇپ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى شېھىت قىلدى. ئۇيغۇرنىڭ سان - ساناقسىز ئوغۇل-قىزلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى. بۇ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر قىرغىنچىلىق بولۇپ، بىز بۇ كۈننى ئەسلا ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئەنە شۇ شېھىتلىرىمىزنىڭ، تۈرمىلەردە ناھەق يېتىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىنتىقامىنى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك.

ھەر ۋاقىت ئاشۇ قان دەريا بولۇپ ئاققان زۇلمەتلىك 5- ئىيول كېچىسىنى ئەستىن چىقارماي، ھەر بىر قېرىندىشىمىزنىڭ قىساسىنى ئالغىچە توختاپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ بىزلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچىمىزدۇر.

بۇ ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلىكلەرنى ئاتا-ئاناڭلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشى بىلەن بىر پارچە «ئەسلەش خاتىرىسى» يېزىپ بېقىڭلار.

## ئوقۇدى-ئاشتى...

ئوقۇدى-ئاشتى باشقىلار بىزدىن ئەي قەدىردانلار،
كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھادىنى قاينا ۋىجدانلار.

ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلۇرلەر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئىممەتلەر!

ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار،
ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار.

ئويلاڭلار! زاكات-ئىسقات كىملەرنىڭ ھەققى، كىملەر ئالۇرلەر؟
نى-نى خىيانەتلەر ھەيۋەت تون ئىچرە پىنھان قالۇرلەر.

مۇيەسسەر بولدىلەر باشقا ئەللەر ئانچە ھىكمەتلەر،
ئەملىگە قارىتا بەردى ئاللا شانۇ-شەۋكەتلەر.

قەشقەردە يېتىملەر ھامام ئاستىدا كۆلدە ياتۇرلەر،
تەربىيەسىز، ئوشۇق ئويناپ، نىشە تارتۇرلەر.

## 4. بۆلەك

# بۇرۇننىڭ بۇرنىسدا

ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان «ھېكايە-چۆچەكلەر» بىزلەرنى ئەزەلدىن بوۋا-مومىلىرىمىزنىڭ تىلسىماتلىق بىر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاشتىن بۇرۇن گاھ كۈلدۈرسە، گاھ قورقۇتۇپ، گاھ ھاياجانلاندۇرسا، گاھ چىن تۆمۈر باتۇرلارغا ئايلاندۇرۇپ كەلمەكتە.



بىز بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىزدە بوۋىمىز سۆزلەپ بەرگەن، بوۋىمىزغا بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن رىۋايەتلەر قوينىغا سەپەر قىلىپ، تەكلىماكاننىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز رىۋايەت ۋە ئەپسانىلىرى بىلەن ئەللەيلەنگەچ «چىن تۆمۈر باتۇر»دەك كۈچلۈك ۋە قورقماس بولۇپ، ھاياتلىق ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلگەن تالايلىغان مەختۇمسۇلالارنى قۇتقۇلدۇرىمىز. زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ھەققانىيەتنى ياقلايمىز.

ھەر ۋاقىت ھازىر جاۋاپ شاتۇرلىقىمىز بىلەن ئەقىللىق ۋە چىچەن بولۇپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرىمىز. زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىقىمىز بىلەن زالىمغا قارشى مىسران قىلىچىمىزنى ئوينىتىمىز.

قىنى ئوماق دوستلار! ئۇنداقتا جاھان ئەينىكى بىزنى ساقلاۋاتىدۇ. ۋاقىت تونىلىغا كىرىپ، «بۇرۇننىڭ بۇرنىسى»دىكى ئاشۇ دەۋرلەرگە بىرىپ كېلەيلى!

# 10-دەرس

## ھەقىقەتنى تاپقان خەلق

بۇرۇنقى زاماندا، كۈن چىقىش تەرەپتە تولىمۇ گۈزەل بىر مەملىكەت بولغانىكەن. بۇ مەملىكەتنىڭ خەلقى تولىمۇ ساددا، ئاقكۆڭۈل ۋە مېھماندوست بولۇپ، ئورۇق-تۇققان، قولۇم-قوشنىلار بىلەن بەكمۇ ئىجىل-ئىناق ياشايدىكەن. بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ باي-باياشات ۋە دۇنيادا تەڭدىشى يوق گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن ئەتراپتىكى باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ مەشھۇر ئىكەن.



مۇشۇنداق پاراغەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوشنا مەملىكەتتىن بىر نەچچە سودىگەر كەپتۇ ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەملىكىتىدە سودىسىنىڭ ئانچە بازار تاپمايۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى، جېنىنى جان ئېتىش ئۈچۈن بۇ مەملىكەتكە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. بۇ يەردىكى ئاقكۆڭۈل

ئاپتورلىرى: مەھبۇبە مۇھەممەت ئىمىن، لوقمانجان ھىرائى



كىشىلەر كۆپ ئويلاشماستىنلا ئۇلارنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ بىرىپتۇ ۋە پادىشاھقا ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئاقكۆڭۈل پادىشاھمۇ بۇكىشىلەرنى ئۆز دۆلىتىدە خالىغانچە ياشاشقا رۇخسەت قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇلارنى يات كۆرمەيدىغان، ئۇلارغا ئۆز ئادەملىرىگە ئوخشاش قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ھىلقى كىشىلەر نۇرغۇن سوۋغا-سالام بىلەن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ .

— ئۇلۇغ شاھىم، بىزنى بۇ جەننەتتەك ماكاندا پاناھلىرىغا ئالدىلا، بىز سىلىدىن ئالەمچە مىننەتدارمىز، بىزگە كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز، بۇ ئاز بولسىمۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز-دەپ، ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرىنى ئالدىغا قويۇپتۇ.

— بىر دۆلەت ئادالەت، شەپقەت، پاراسەت ۋە ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. سىلەرنى پاناھىمغا ئېلىشىم ئىنسانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلغانلىقىمدىندۇر. ھەدىيەرىڭلار ئۈچۈن رەھمەت!

ھىلقى ئادەملەر پادىشاھنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، ھەشقاللا ئېيتىشقىنىچە ئوردىدىن چىقىپ كىتىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئىلىپ كىلىنىدىغان سوۋغاتلارمۇ شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ سەل بىخۇدلىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھېلىقى ئادەملەر بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا يەنە كەپتۇ ۋە ئارىدىكى قىسىق كۆز، چاشقان بۇرۇت بىرى:

-كەمىنە قۇللىرىنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ يەنە ئاددىيغىنە بىر سوۋغىمىز بار ئىدى، ئالىيلىرى بۇ ئەرزىمەس ھەدىيىمىزنى قوبۇل قىلغايلا-دەپ، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن قىممەت باھالىق تاۋار-دۇردۇنلارنى سوۋغا قىپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى مىننەتدار بولغان پادىشاھمۇ ئۇلارغا لايىقىدا ئىلتىپات قىپتۇ.

بۇ ئىشلاردىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلغان ۋەزىرلەر بىر نەرسە دىمەكچى بولغان بولسىمۇ، سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ئەسلىدە بۇ قوشنا مەملىكەتتىكى پادىشاھنىڭ كەڭرى كەتكەن ئاشۇ مۇنبەت تۇپراقلارنى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسى بولۇپ، ئۇرۇش باشلىنىپ قالسا ئىچىدىن ماسلىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن تەييارلىغان ئەسكەرلىرىنى، نامراتلىقتىن جېنىنى باقالماي قالغان «بىچارە» سىياقىغا كىرگۈزۈپ ئەۋەتكەنىكەن.

بىر كۈنى ئوردا مۇھاپىزەتچىسى ئالاقزادىلىكتىن چىرايى تاتارغان ھالدا قوشنا مەملىكەتتىكى پادىشاھنىڭ تۈمەن مىڭلىغان قوشۇن بىلەن شەھەرگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ.



پادىشاھ نىمىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭ-تاڭ قالغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. ۋەزىرلەر شۇندىلا گۇمانىنىڭ

توغرا ئىكەنلىكىنى، پاناھلىق تىلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئەسلىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپتۇ-دە، ئازراقلا كېچىكسە پۈتۈن شەھەر قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

دۈشمەن شەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ ۋە شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. جەڭ شۇ تەرىقىدە تولىمۇ شىددەتلىك داۋام قىپتۇ. جەڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ئۆزلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى



ھېس قىلغان پادىشاھ، ئوڭ قول ۋەزىرىنى سېپىلنىڭ يەر ئاستى يول ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ، قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىدىن ياردەم سوراش ئۈچۈن بىر قانچە مىڭ كىشى بىلەن يولغا ساپتۇ.

ۋەزىر ناھايىتى تېزلىك بىلەن كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاخىرى قوشنا مەملىكەتكە كەپتۇ. ئەمما «ئاپەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك يولدا كەلگۈچە، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىق ۋە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر بارغانلىكى مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىرىدىن ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىشنى، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن بۇرۇندىنلا مۇناسىۋىتى ياخشى بولغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرمۇ ئېغىزىدا ماقۇل دەپ قويغان بىلەن ھېچكىم ياردەمگە قوشۇن ئەۋەتمەپتۇ.



ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۇپ ۋەزىرمۇ بەكلا قېرىپ كېتىپتۇ ھەمدە ۋەتىنىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن خەۋەر ئالالماپتۇ. ھەممەيلەن ئۆز ئانا ۋەتىنىنى قاتتىق سېغىنىپتۇ ۋە بۇ سېغىنىش ئۇنى بارغانسېرى كۆچىيىشكە باشلاپتۇ. ئەمما ھەممىسى بىر-بىرىگە تاپا-تەنە قىلىش بىلەن ئۆز ئىچىدە بەكلا پارچىلىنىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىر بىر كۈنى قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، «سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە-پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار!» دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالماي بەكلا يىغلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ۋەتىنىدىن بىرلىكتە كەلگەن بارلىق كىشىلەرنى يىغىپ، ئىنتايىن تەسىرلىك شەكىلدە خەلققە خىتاپ قىپتۇ.

پۈتۈن خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىختىلاپ قىلىشىپ بەكلا پارچىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ياردەمنى ئىنسانلاردىن ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئېسىلغان ھالدا، ئۇنىڭدىنلا سوراش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ.

كىشىلەر شۇ كۈندىن باشلاپ قەتئىي ئىختىلاپ قىلىشماپتۇ ۋە ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغان ھالدا ھەممە بىرلىكتە ۋەتىنىگە قايتىپ، ھايات-ماماتلىق بىر قىتىملىق جەڭ قىلىش قارارىغا كەپتۇ. ۋەزىر كىشىلەرنى باشلاپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ مەملىكىتىگە قايتىپتۇ. ئۇ چاغدا دۈشمەن ئاللىبۇرۇن پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى قۇل قىلىپ چىدىغۇسىز ئازاپ ئىچىدە قىيناۋاتقان ئىكەن.

ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئېچىپتۇ. جەڭ ئىنتايىن دەھشەتلىك ھالدا 40 كېچە-كۈندۈز داۋام قىپتۇ. ئاخىرى ۋەزىرنىڭ لەشكەرلىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سېپىل دەرۋازىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپتۇ. ئىچىگە قورقۇنچ چۈشكەن دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى جېنىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلاپتۇ ۋە كۆپىنچىسى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمگەن ۋەزىرنىڭ لەشكەرلىرى ياڭراق تەكبىر سادالىرى ئىچىدە شەھەر ئىچىگە كىرىپتۇ. ھايات قالغان تۇققانلىرى بىلەن كۆز-ياشلىرىنى تۇتالمىغان ھالدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەملىكەت خەلقلىرى يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش







## كۆنۈكمە

باي-باياشات ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ياشاپتۇ.

1-بۇ تېكىستنى قايتا-قايتا ئوقۇڭلار ۋە ئائىلە ئەزالىرىڭلار بىلەن بۇ ھېكايە ھەققىدە بىر مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىڭلار.

2-«سىلەر دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە-پىرقە بولۇپ، ھەر پىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن بولماڭلار!» دېگەن ئايەتنىڭ ئەرەپچىسىنى ئەتراپىڭلاردىكى ئۇستازلاردىن سوراش ئارقىلىق، قايسى سۈرىنىڭ قانچىنچى ئايىتى ئىكەنلىكىنى يېزىپ كېلىڭلار

3- ئەسلىدە دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشتىن بۇرۇن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەر قانداق تەدبىرلەرنى ئېلىشى كېرەك ئىدى؟

4- ناۋادا سىز ئاشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولغان بولسىڭىز، سوۋغا-سالام ئېلىپ كەلگەن ھىلىقى كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولاتتىڭىز؟

5- كىشىلەرنىڭ ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ قايتىدىن قولغا ئالالىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە؟ بىزمۇ ۋەتەننى قولىمىزغا قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ سىنىپتا ساۋاقداشلار ئۆزىنىڭ كۆز - قارىشىنى سۆزلەپ باقسۇن!







# 11-دەرس

## چىن تۆمۈر باتۇر

بۇرۇنقى زامانىدا بىر ئورمانلىقنىڭ چېتىدە «چىن تۆمۈر باتۇر» ۋە «مەختۇمسۇلا» ئاتلىق ئاكا-سىڭىل ياشايدىكەن. ئاكىسى «چىن تۆمۈر باتۇر» دائىم ئوۋغا چىقىدىكەن ۋە ھەر قېتىم چىققىنىدا يەتتە كۈنگىچە قايتىپ كىرمەيدىكەن. مىسران قىلىچى بېلىدىن، ئالغۇر بۈركۈتى قولىدىن، ئارغىماق ئېتى ۋە كاپ-كاپ كۈچۈكى يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە



چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋغا چىقىش ئالدىدا سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا:

— سىڭلىم، ناۋادا ئوت ئۆچۈپ قالسا تۈتۈن چىققان ياققا ئوت سوراپ كېتىپ قالماڭ!- دەپ نەسىھەت قىپتۇ ۋە مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپ-كاپ كۈچۈكىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئالغۇر بۈركۈتىنى قولىغا قوندۇرۇپ ئوۋغا مېڭىپتۇ.

ئارىدىن بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويۇپتۇ. ناھايىتى قايغۇرۇپ ئۆگزىگە چىقىپ «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، يىراق بىر يەردىن تۈتۈن كۆرۈنۈپتۇ.

-نېمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي-دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن مورىدىن ئىس چىقىۋاتقان

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

بىرئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر قېرى موماي ئولتۇرغۇدەك. مەختۇمسۇلا، -ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم



-دەپ ئۆيگە كىرىپتۇ. موماي نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئازراق چوغ بېرىپتۇ.

ئۇ موماي ئەسلىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەن، مەختۇمسۇلا ئۇنى بىلمەپتۇ.

كەچ كىرىشى بىلەن ھېلىقى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماي مەختۇمسۇلانىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ:



چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ-كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟

-دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا مومايغا جاۋابەن:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا يوقتۇر،
كاپ-كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە يوقتۇر-

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن موماي يەتتە باشلىق يالماۋۇز

سۇرتىدە ئۆيگە كىرىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئۇزۇن چىچىدىن تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قىنىنى شوراپتۇ. ئاندىن مەختۇمسۇلاغا:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە ئېيتما! ئەگەر ئېيتىدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايسەن! — دەپتۇ. مەختۇمسۇلا قورقىنىدىن ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ. ئەتىسى كۈن كەچ بولۇشى بىلەن ھېلىقى يالماۋۇز موماي يەنە كەپتۇ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مەختۇمسۇلانىڭ قىنىنى شوراپتۇ. بۇ ئەھۋال بىر نەچچە كۈن داۋاملىشىپتۇ. مەختۇمسۇلا كۈندىن كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ.



يەتتىنچى كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە نېمىش بولغىنىنى سوراپتۇ.

مەختۇمسۇلا يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى ئاكىسىغا بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چىن تۆمۈر باتۇر ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە مەختۇمسۇلاغا قاراپ:

-جېنىم سىڭلىم، مېنىڭ كەلگىنىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن، مەن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈپ ياتىمەن. ئەگەر يالماۋۇز كېلىپ مېنى سورىسا، ھەر كۈنكىدەك «كەلمىدى» دەپ جاۋاب بېرىلىڭ — دەپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتىنى كىيىپ مۆكۈنۈپ يېتىپتۇ..

يالماۋۇز موماي كېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ.

-«چىن تۆمۈر باتۇر» قايتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟- دەپ ئازراق گۇمان



قىلغان بولسىمۇ بىر سوراپ باقماقچى بولۇپ:
چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ-كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟
دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا:
چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە يوقتۇر،
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا يوقتۇر،
مىسران قىلىچى قوزۇقتا يوقتۇر،
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا يوقتۇر،
كاپ-كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە يوقتۇر-دەپ

جاۋاب بېرىپتۇ. موماي خاتىرجەم ھالدا ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە -ھەي مەختۇمسۇلا! ئاكاڭ چىن تۆمۈر باتۇر كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ئۆيۈڭدە ئادەمنىڭ پۇرىقى بارغۇ؟-دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا تەمكىنلىك بىلەن:

-ئاكام تېخى كەلمىدى. ئەگەر كەلگەن بولسا ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا، مىسران قىلىچى قوزۇقتا، ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا، كاپ-كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بولماسمىدى؟ بۈگۈن ئاكامنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ، سۈيىنى ئۆيگە تۆككەندىم. شۇنىڭ پۇرىقى بولسا كېرەك.- دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يالماۋۇز موماي ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە ئادىتى بويىچە مەختۇمسۇلانىڭ چېچىدىن تورۇسقا ئېسىپ، ئەمدىلا قېنىنى شوراي دەپ تۇرۇشىغا چىن تۆمۈر باتۇر ئورنىدىن چىقىپ، مىسران قىلىچى بىلەن بىر

ئۇرغانكەن، يالماۋۇز موماينىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. غەزەپلەنگەن يالماۋۇز موماي چىن تۆمۈر باتۇرغا ئېتىلىپتۇ.

بىر كېچە-كۈندۈز ئېلىشقاندىن كېيىن چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۆيدىن قېچىپ چىقىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە ئېسىلىپتۇ. ئېلىشىش يەنە بىر كۈن داۋام قىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر بۇ قېتىم يالماۋۇز موماينىڭ يەنە بىر بېشىنى چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئۈچ بېشىدىن ئايرىلغان يالماۋۇز تېخىمۇ غەزەپ بىلەن تۇتۇشۇپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ تۆتىنچى بېشىنىمۇ تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. يالماۋۇز موماي ئۇ ياقتىن بۇ ياققا قېچىشقا باشلاپتۇ. ئېلىشىش ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىپ، ئۇنىڭ بەشىنچى بېشىمۇ چېپىپ تاشلىنىپتۇ. يالماۋۇز موماي ھالىدىن كېتىپتۇ. ئىشىكتىن قېچىپ چىقاي دېسە مەختۇمسۇلا قىلىچ بىلەن چېپىپ چىقارماپتۇ. ئاخىر چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز موماينىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ چېپىپ چۈشۈرۈپتۇ. ئەمدى يالماۋۇز موماينىڭ "يەل مۈڭگۈز" دەپ ئاتىلىدىغان بىرلا بېشى قاپتۇ. ئۇ ئامالسىزلىقتىن قۇيۇنغا ئايلىنىپتۇ-دە، ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:



- ھەي مەختۇمسۇلا، خەپ توختا! خەپ توختا! — دېگىنىچە بەدەر قېچىپتۇ

چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ بىر بېشى قالغان يالماۋۇز مومايىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. مەختۇمسۇلا باغلاقلىق كاپ-كاپ كۆچۈكنى قويۇۋېتىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇز مومايغا يېتىشىپتۇ. يالماۋۇز موماي نائىلاج يەنە ئېلىشىپتۇ.

چېلىشىش ناھايىتى ئۇزۇن داۋام قىپتۇ ۋە ئاخىرى چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان يەتتىنچى بېشىنىمۇ كېسىپ تاشلاپ،ئۆيىگە خوشال-خورام قايتىپ كەپتۇ.



## كۆنۈكمە

**1- تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. يالماۋۇز بىلەن مەختۇمسۇلانىڭ ئېيتىشقان قوشاقلىرىنى يادلىۋېلىڭلار**

**2- مەختۇمسۇلاغا نېمە ئۈچۈن چوغ شۈنچىلىك مۇھىم بولىدۇ؟**

**3- "يالماۋۇز" دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆز ئالدىڭىزغا قانداق مەنزىرە كەلدى؟**

**4- ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.**

چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ تۆتىنچى بېشىنىمۇ تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

يالماۋۇز ئۇيىنىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

- ھەي مەختۇمسۇلا، خەپ توختا! خەپ توختا! ــ دېگىنىچە بەدەر قېچىپتۇ

**5-ھېكايىنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ھالدا ئەتراپىڭلاردىكى دوستۇڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.**

# 12-دەرس

## ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك



بىر بوۋاي بىر موماي بىلەن ئۆتكەن زاماندا،
چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىز تاماندا.
قىلىپ پاناھ كونىرىغان كەپە ئۆيىنى،
ئالغانىكەن ئوتتۇز ئۈچ يىل بىللە كۈننى،
كۈندە بېلىق تۇتار ئىكەن تور تاشلاپ بوۋاي.
بىر كۈنى بوۋاي كەڭ دېڭىزغا تورنى تاشلىسا،
ئىلىنىپتۇ چاڭگا ئوخشاش لەشلەر، قارىسا.
ئىككىنچى رەت تاشلاپ باقسا يەنە تورنى،
سۈزۈۋاپتۇ بىرنەچچە تال دېڭىز چۆپىنى.
ئۈچۈنچى رەت بوۋاي تورنى تاشلاپتۇ يىراق،
چۈشۈپتۇ بىر بېلىق شۇئان تورىغا، بىراق...
ئادەتتىكى بېلىق ئەمەس، ئالتۇن بېلىقمىش:
ئادەم كەبى زۇۋان سۈرۈپ يېلىنغان ئىمىش:
«قويىۋەتسەڭ بوۋا، ئەگەر دېڭىزغا مېنى،
ئوبدان رازى قىلار ئىدىم ھەق بېرىپ سېنى.
بولار ئىدى ئالدىڭغا نەق خالىغان نەرسەڭ،
رەھىم قىلىپ تىنىمگىلا ئەركىنلىك بەرسەڭ...»
دەپتۇ بوۋاي ھەيران بولۇپ قورقۇنچ ئىچىدە:
«ئوتتۇز ئۈچ يىل بېلىق تۇتۇپ مۇشۇ كەمگىچە،

ئاپتورى: پوشكىن (روسىيە)

ئاڭلىمىغان بېلىق زۇۋان سۆرەلەيدۇ دەپ،
ئۇقالمىدىم ئۆزگىچىغۇ بۇ بېلىق ئەجەپ...»
بوۋاي ئۇنى كەچ دېڭىزغا قويۇپ بېرىپتۇ،
چىن كۆڭلىدىن ئىككى ئېغىز سۆزمۇ قىلىپتۇ:
«ھەققىڭ ماڭا كېرەك ئەمەس، ئەي ئالتۇن بېلىق،
تەڭرى ساقلار، كەڭ دېڭىزدا ئال ئەركىن تېنىق!»
قايتىپ كېلىپ كەپىسگە بوۋاي شۇ ھامان،
موميىغا دەپتۇ شۇنداق بولغانچە ھەيران:
«قارا موماي، تۇتتۇم بۈگۈن بىر ئالتۇن بېلىق،
سۆزلەيدىكەن ئادەم كەبى ئاجايىپ ئېنىق.
قويۇۋەتكىن دېڭىزغا دەپ يالۋۇردى ماڭا،
دەيدۇ تېخى: «خالىغاننى بېرىمەن ساڭا!»
ئويلاپ كۆرۈپ، بىچارىدىن ئالماستىن ھېچ نەپ،
قويۇۋەتتىم كەڭ دېڭىزغا، كۆڭلۈڭنى ئال دەپ.
تىرىكىپتۇ موماي شۇئان بۇ گەپنى ئاڭلاپ،
نۇقۇپ تۇرۇپ بوۋىينى تىللاپتۇ قارغاپ:
«نىمە دېگەن ھاماقەتسەن، قاپاقباش ساراڭ،
بولماسمىدى ھېچ بولمىسا بىر تەڭنە ئالساڭ!
قارىمامسەن تەڭنىمىزگە، كەتتى يېرىلىپ،
ئالغىن سوراپ يېڭى تەڭنە، يۈگۈر تېز بېرىپ!»



شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
تۇرغانمىش دېڭىز ئاستا چايقىلىپ ھەريان.
«ئالتۇن بېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇن بېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇن بېلىق، چۈشتى ھاجىتىم،
موماينىڭ تىل-قارغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم.



يېڭى تەڭنە كېرەك دەپ ئۇ بەرمىدى ئارام،
ئەسلىدىكى تەڭنىمىزمۇ تۆگەشكەن تامام.»
ئالتۇن بېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
بېرىۋەرگىن، يېڭى تەڭنە تەق بولار ئەمدى...»
قايتىپ كەلسە مومىيىنىڭ يېنىغا بوۋاي،
تۇرغۇدەكمىش يېڭى تەڭنە دېگەندەك، ئايھاي!
بىراق، موماي تېخىمۇ بەك تىللاپتۇ قارغاپ:
«ۋاي ھاماقەت، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ شۇ تاپ!
قاراپ تۇرۇپ ئارانلا بىر تەڭنە ئالدىڭمۇ،
خېلى پۇلغا يارامدىكىن بۇ دەپ قالدىڭمۇ؟
ئارقاڭغا يان، قاپاقباش چال، يېڭى ئۆي لازىم،
ماڭ، ئۆي سورا، قىلىپ ئالتۇن بېلىققا تەزىم!»

شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
(تۇرغانمىش دېڭىز سۈيى داۋالغۇپ ھەريان).
«ئالتۇن بېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇن بېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇن بېلىق، چۈشتى ھاجىتىم،
موماينىڭ تىل-قارغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم.
كوت-كوت موماي پەقەت ئارام بەرمىدى ماڭا،
بىر يېڭى ئۆي لازىم بولۇپ قالغانمىش ئاڭا.»
ئالتۇن بېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
قايغۇرمىغىن، يېڭى ئۆيمۇ بولغۇسى ئەمدى...»
بوۋاي ئاستا يول ئېلىپتۇ كەپىسى تامان،
كەلسە يوقمىش كەپىسى ھېچ، بولۇپتۇ ھەيران.
تۇرغۇدەكمىش كەڭ-ئازادە يېڭى ئۆي ھەيۋەت،
پۈتكەنمىش مورىسىمۇ خىش بىلەن پەقەت.
ياسالغانمىش دەرۋازىسى كاشتان تىلىنىپ،
دېرىزىدە ئولتۇرارمىش موماي كېرىلىپ.
تىللىغىلى تۇرغانمىش ئاغزىنى بۇزۇپ:
«ئارانلا بىر ئۆي ئالدىڭمۇ، ئەي كالۋا بوۋاي،
ئالتۇن بېلىق يېنىغا چاپ، بېزىرىپ تۇرماي!
بولغۇم يوقتى ئاددىي خوتۇن، ئېيت قىلىپ تەزىم،
مەرتىۋىلىك ئېسىل خانىم بولۇشۇم لازىم!»

شۇنىڭ بىلەن، يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان،
(كۆپكۆك دېڭىز دولقۇنلىنىپ تۇرغانىمىش ھەريان).
«ئالتۇن بېلىق!» دەپ تووۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇن بېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇن بېلىق، كەلدىم يېنىڭغا،
موميىمنىڭ چالۋاقىشى تەگدى جېنىمغا.
ئاددىي خوتۇن بولمايمەن دەپ بەرمىدى ئارام،
كىبلەر ئىمىش ئېسىل خانىم بولغۇسى ھامان.»
ئالتۇن بېلىق دەپتۇ: «بوۋا، غەم قىلما ئەمدى،
بېرىۋەرگىن پاناھىدا ساقلىغاي تەڭرى.»

بوۋاي ئاستا ئۆيى تامان بولۇپتۇ راۋان،
كەلسە ئۇندا تۇرغۇدەكمىش ھەيۋەت بىر ئايۋان.
پەلەمپەيدە تۇرغۇدەكمىش موماي گىدىيىپ،
كۆركەم يۇلغۇن تېرىسىدىن كەمزۇلنى كىيىپ.
بېشىغا زەر بېسىلغان زەنجىر ئاسقانىمىش،
بوينىغىمۇ مەرۋايىتتىن رومال ئارتقانىمىش،
قوللىرىدا پارقىرارمەش ياقۇت كۆز ئۈزۈك.
پۇتلىرىدا غىچىرلارمىش قىپقىزىل ئۆتۈك،
نۇرغۇن ئىشچان چاكارلىرى تۇرارمىش «خوپ!» دەپ،



موماي سۆرەپ چاچلىرىدىن ئۇرارمىش ھە دەپ.
دەپتۇ بوۋاي: «قانداق ئەھۋال، ئىززەتلىك ئايىم،
مەمنۇن بولۇپ شاد يۈرەرسىز ئەمدىغۇ دائىم؟»
چالۋاقاپتۇ موماي ئاڭا: «يوقال يىراق!» دەپ،
ئەۋەتىپتۇ ئاتخانىغا: « ئات-ئۇلاغ باق!» دەپ.



ئۆتۈپتىمىش ھەپتە شۇنداق ھەپتە كەينىدىن،
ئېشىپتۇمىش موماي يەنە بەكمۇ ھەددىدىن.
دەپتۇ قوغلاپ بوۋاينى ئۇ: «دېڭىزغا بېرىپ،
ئېيتقىن ئالتۇن بېلىققا سەن تەزىم قىلىپ،
ئېسىل خانىم بولۇشنىمۇ تارتمىدى كۆڭلۈم،
كەلدى ئەركىن يايرايدىغان پادىشاھ بولغۇم!»
«ئازدىڭمۇ يا ئەقلىڭدىن؟ - دەپ چۆچۈپتۇ بوۋاي، -
سۆز-ھەركىتىڭ پادىشاھقا قانداق ئوخشىغاي؟
بۇنداق قىلساڭ مازاق قىلار پۈتكۈل ئەل سېنى،
ئالتۇن بېلىق ئالدىغا بار، دېمىگىن مېنى.»
بۇنى ئاڭلاپ موماي بەكمۇ قايناپ كېتىپتۇ،
بوۋىيىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپتۇ:
«تۇرسام ئېسىلزادە خانىم، قاپاقباش قېرى،
ماڭا جاۋاپ ياندۇرغىدەك بولدۇڭمۇ تېخى!
ياخشىلىقچە دېڭىز بويىغا، ساراڭ،
ئەۋەتىمەن زورلۇق بىلەن، ئۆزۈڭ بارمىساڭ!»

كەلسە بوۋاي چەكسىز دېڭىز بويىغا ئاستا،
(تۇرار ئىمىش دېڭىز سۈيى كۆرۈنۈپ قارا).
«ئالتۇن بېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇن بېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن بوۋا، بويقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇن بېلىق، بېشىمدا كۈلپەت،
غوۋغا قىلىپ موماي ئارام بەرمىدى پەقەت.
خالىماستىن ئەمدى ئېسىل خانىم بولۇشنى،
ئارزۇلارمىش خاقان بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇشنى.»
ئالتۇن بېلىق دەپتۇ: «بوۋا، ساقلىغاي تەڭرى،
ئازاپلانما، خانمۇ بولار موميىلڭ ئەمدى!»



ھەسرەت بىلەن كەلسە بوۋاي ئۆيىگە ئاستا،
تۇرغۇدەكمىش ھەشەمەتلىك كاتتا بىر ئوردا.
ئولتۇرغانمىش تەختتە موماي پادىشاھ بولۇپ،
باش ئېگەرمىش بايلار ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ.
سۇنار ئىمىش قۇيۇپ شېرىن مەيلەرنى جامغا،
زورلار ئىمىش نازۇ ـ نېئمەت، ئېسىل تائامغا.
تۇرارمىش ياساۋۇللار تىزىلىپ رەت-رەت،
قوللىرىدا ئايپالتىلار چاقنارمىش ھەيۋەت.
بۇنى كۆرۈپ بوۋاي بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنمىش،

تەزىم قىلىپ مومىيىغا شۇنداق دىگەنمىش:
«سەلتەنەتلىك پادىشاھىم، قانداق ھالىڭىز؟
مەمنۇن بولۇپ سۆيۈنگەندۇ بەلكىم جانىڭىز؟»
موماي ھەتتا كۆز قىرىنى سالماي ئۇ تامان،
«بۇنى يىراققا قوغلاڭلار!» دەپ بېرىپتۇ پەرمان.
كەپتۇ ۋەزىر، ئاقسۆڭەكلەر بىردەك ئېتىلىپ،
تۇتۇپ بوۋاي شىللىسىدىن سىرتقا ئىتتىرىپ.
دەرۋازىدىن ياساۋۇللار دۆشكەللەپ ــ ئۇرۇپ،
چانىغلى تاس قېلىپتۇ پالتا ئوينىتىپ.
زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ بوۋايغا قاراپ:
«خوپ بولدىمۇ ئەخمەق قېرى؟ ئۆز ھۇشۇڭنى تاپ.
ئازراق ساۋاق بېرىپ قويدۇق بۈگۈن بىز ساڭا،
يۈرگىن سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، ئالجىماي يانا!»
ئۆتۈپتىمىش ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتە،
ئېشىپتىمىش ھەددىدىن بەك موماي تەختتە.
ئەۋەتكەنمىش ۋەزىرىنى ئېرىمنى تاپ دەپ،
كەلگەنمىش ۋەزىر شۇئان بوۋاينى ھەيدەپ.
دەپتۇ موماي: «قىلغىن ئالتۇن بېلىققا تەزىم،
ياندى رايىم ئەركىن خاقان بولۇشتىن رايىم.
بولغۇم كەلدى دېڭىزغىمۇ پادىشاھ-خاقان،
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزۈمگە ماكان.
ئالتۇن بېلىق خىزمىتىمدە بولسۇن ھەركۈنى،
نېمە دېسەم بەجا قىلىپ تۇرسۇن ئۇ شۇنى!»



بوۋاي جاۋاپ ياندۇرۇشقا قىلالماي جۇرئەت،
قىلالماي ھەم مومىيىنىڭ بۇيرۇقىنى رەت.
ماڭغانمىش قاراپ يەنە كۆك دېڭىز تامان،
ھۆركىرەرمىش ئۇندا تىنىماي قارا جۇت بوران.
ئۆركەشلەرمىش غەزەپ بىلەن دېڭىز دولقۇنى،
ئاڭلىنارمىش يىراقلارغا شىددەت شاۋقۇنى.
«ئالتۇن بېلىق!» دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ،
ئالتۇن بېلىق كەپتۇ ئۈزۈپ ئۇنىڭغا قاراپ:
«ئېيتقىن بوۋا، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم؟»
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم:
«رەھىم قىلغىن، ئالتۇن بېلىق، مەن بىر بىچارە،
قارغىش تەككۈر مومىيىمغا نە قىلاي چارە؟
يەر يۈزىگە شاھ بولۇشتىن يانغانمىش رايى،
بولارمىش ئەمدى چەكسىز دېڭىزنىڭ شاھى.
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىگە ماكان،
سېلىپ بىزنى خىزمىتىگە سۈرەرمىش دەۋران...»
لام-جىم دېمەي ئالتۇن بېلىق سۇنى بىر چايقاپ،
يول ئېلىپتۇ چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە قاراپ.
جاۋاپ كۈتۈپ بوۋاي خېلى ساقلاپتۇ ئۇزاق،
ئالتۇن بېلىق چىقىپ جاۋاپ بەرمەپتۇ بىراق.
ئىلاجىسىز كەلسە يېنىپ ئۆيىگە بوۋاي،
ئولتۇرارمىش بوسۇغىدا موماي شۈمشىيىپ.



تۇرارمىش ئۆز پېتى كونا كەپسى،
ئىشىك ئالدىدا بۇرۇنقى شۇ پۇچۇق تەگىنسى.

## كۆنۈكمە

1ـ تېكىستنى تەپسىلى ئوقۇڭلار ۋە ئۆزۈڭلارغا تەسىر قىلغان بۆلەكلىرىنى دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىپ بېقىڭلار.

2ـ تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ بېقىڭلار، تېكىست چوڭ جەھەتتىن قانچە بۆلەككە  بۆلۈنگەن؟

3ـ چۆچەكنى ئۆز ئېغىز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ يېزىپ بېقىڭلار.



# 13-دەرس

## ئېتىقاد بىلەن مەنپەئەت

تۇلىمۇ تەقۋادار بىر كىشى باركەن. يۇرتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر تۈپ دەرەخكە چوقۇنىدىغانلىقىنى بىلىپ ئاچچىقىغا پايلىماي، ئاي پالتىسىنى ئېلىپ ئۇ دەرەخنى كېسىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ كىشى دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇشىغا بىر ئالۋاستى ئۇنى توسىۋېلىپ ۋارقىراپتۇ.

-ھەي، توختا! نېمىدەپ بۇ دەرەخنى كېسىسەن؟

-بۇ دەرەخنىڭ سەۋەبىدىن نۇرغۇن ئادەملەر شېرىك ئەقىدە بىلەن ئېزىپ كېتىۋاتىدۇ.- دەپتۇ ھېلىقى تەقۋادار كىشى.

-- سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ئۇلار ئالدانسا ئالدىنىۋەرمىسۇنمۇ؟

-ھەرگىز بولمايدۇ، مېنىڭ ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىم بار.



-سەن كىشىلەرنى ئىختىيارىغا قويغىن، ئۇلار نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن.

-بۇ دېگەن ئازغۇن ئېتىقاد تۇرسا، قانداقمۇ ئىختىيارىغا قويغىلى بولسۇن؟ ئۇلار ماڭا ئەگەشسۇن دېمەكچىمۇسەن؟

-ياق، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەگەشسۇن دېمەكچى.

-مەنلا بولىدىكەنمەن، بۇ دەرەخنى ھەرگىز كەستۈرمەيمەن.

-بۇ دەرەخنى كەسكىنىم كەسكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئالۋاستى تەقۋادار كىشىنىڭ بويىنىدىن، تەقۋادار كىشى ئالۋاستىنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئېلىشىپتۇ.

-نوچىلىقىمنى ئەمدى بىلگەنسەن؟-دەپتۇ تەقۋادار كىشى يەردە ياتقان ئالۋاستىغا.



-مېنى قويىۋەت، نېمە قىلغىنىڭ كەلسە شۇنى قىلغىن!-

دەپتۇ ئالۋاستى.

تەقۋادار كىشى ئالۋاستىنى قويىۋېتىپتۇ. ئېلىشىپ هالىدىن كەتكەن كىشى دەرەخ كېسىشكە ماجالى يەتمەي، خىلۋەتتىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ، بىر كېچە ئارام ئاپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە ئاي پالتىسىنى كۆتۈرگىنىچە دەرەخ كەسكىلى مېڭىپتۇ. تۇساتتىن هېلىقى ئالۋاستى يەنە پەيدا بوپتۇ.

-يەنە دەرەخ كەسكىلى كەلدىڭمۇ؟- دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ.

-بۇ دەرەخنى كەسكىنىم كەسكەن.

-بۈگۈنمۇ مېنى يېڭىۋالىمەن دەپ قالدىڭمۇ؟

-سەن يېڭىلگىنىڭگە تەن بەرگەنگە قەدەر سەن بىلەن ئېلىشىشقا تەييارمەن.

-قېنى، نوچىلىقىڭنى بىر كۆرەي.

-ئالۋاستى تەقۋادار كىشىنىڭ بويىنىدىن، تەقۋادار كىشى ئالۋاستىنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ، يەنە قاتتىق ئېلىشىپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئالۋاستى يېڭىلىپ قاپتۇ.

-يەنە دەيدىغىنىڭ بارمۇ؟-دەپتۇ تەقۋادار كىشى.

-مېنى قويىۋەت، نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنى قىلغىن!-دەپتۇ ئالۋاستى ئارانلا.

قاتتىق چارچاپ كەتكەن ھىلىقى كىشى ئالۋاستىنى يەنە قويۇۋېتىپتۇ- دە، تۇرالغۇسىغا قايتىپ بىر كېچە ئوبدان ئارام ئېلىپ ئاندىن كەسمەكچى بوپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ئاي پالتىسىنى كۆتۈرۈپ يەنە دەرەخ كەسكىلى مېڭىپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئالۋاستى ئۇنى



توسۇۋاپتۇ:

-ھەي، سەن تېخىچە نىيىتىڭدىن يانمىدىڭمۇ ؟

-ياق، مەن بۇ ئاپەتنىڭ مەنبەسىنى چوقۇم يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايمەن.

-مەن سىنىڭ شۇنداق قىلىشىڭغا قاراپ تۇرارمەنمۇ؟

يەنە كۈچ سىنىشىپ باققۇڭ بولسا مەن تەييار جۇمۇ!

بۇ چاغدا ئالۋاستى، -بۇ ئادەم بىلەن كۈچ سىناشسام يېڭەلىشىم تەس. چۈنكى، ھېچكىممۇ ئېتىقاد ۋە غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئادەمدەك كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك بولمايدۇ. قارىغاندا، بۇ ئادەمنى يېڭىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ھىيلە-نەيرەڭ بولسا كېرەك، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتۈپ يالغاندىن مۇنداق دەپتۇ:

-سېنىڭ دەرەخ كېسىشكە نېمشقا شۇنچە قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى

بىلەمسەن؟ مەن سىنى ئويلاپ، ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ، شۇنداق قىلغان! ئەگەر سەن بۇ دەرەخنى كېسىۋەتسەڭ، بۇ دەرەختە چوقۇنىدىغانلار سەندىن نەپرەتلىنىپ، ساڭا قارشى چىقىدۇ. ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ بولدى، دەرەخنى كەسمەيلا قوي، مەن ساڭا كۈندە ئىككى ئالتۇن تەڭگە بېرەي، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كۈنلىرىڭنى ئارامخۇدا ئۆتكۈز.

-ئىككى ئالتۇن تەڭگە؟

-شۇنداق، ھەر كۈنى ياستۇقۇڭنىڭ ئاستىدا ئىككى ئالتۇن تەڭگە كۆرىسەن.



-بۇنىڭغا كىم كېپىل بولىدۇ؟- دەپتۇ ھېلىقى كىشى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن.

-مەن كېپىل بولىمەن، قەسەم قىلاي.

-بولىدۇ، سېنى بىر سىناپ كۆرەي.

-كېپىم گەپ.

ئالۋاستى قولىنى ھېلىقى كىشىگە ئۇزىتىپ، قول بېرىشىپتۇ. ئاندى ئۇ كىشى ئۆيىگە قايتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىدا ھەر كۈنى ئىككى ئالتۇن تەڭگە پەيدا بوپتۇ، بۇ ئىش ساق بىر ئاي داۋاملىشىپتۇ. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ قولىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا ئۇزاتسا، ئىككى ئالتۇن تەڭگە يوق تۇرغۇدەك. ئەسلىدە ئالۋاستى ۋەدىسىدىن يېنىۋالغانىكەن. دەرغەزەپكە كەلگەن كىشى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاي پالتىسىنى قولىغا ئاپتۇ-دە، دەرەخ كەسكىلى مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئالۋاستى يەنە



ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ ۋارقىراپتۇ.

-توختا، نەگە بارىسەن؟

-دەرەخ كەسكىلى،-دەپتۇ ھېلىقى تەقۋادار كىشى.

-بايلىق مەنبەيىڭنى ئۆزۈپ قويغانلىقىم ئۈچۈنمۇ؟-دەپتۇ ئالۋاستى مەسخىرە ئارىلاش.

-ياق، ئازغۇنلۇققا باشلايدىغان بۇ بالايىئاپەتنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن.

-سەن؟

-مېنى مازاق قىلۋاتامسەن؟

-كەچۈرگىن، سېنىڭ ئىشلىرىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىكەن.

-بۇ گەپنى سەن قىلدىڭ-ھە! ھۇ ئالدامچى،-ئۇ كىشى شۇنداق دېگىنىچە، ئالۋاستىغا ئېتىلىپ بېرىپ مۈگۈزىدىن تۇتۇۋاپتۇ، قانلىق ئېلىشىش يەنە باشلىنىپتۇ. بىراق، بۇ قېتىم ئېلىشار-ئېلىشمايلا ئالۋاستى يېڭىۋاپتۇ.

-سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭ نەگە كەتتى؟-دەپتۇ ئالۋاستى ئۇ كىشىنى مازاق قىلىپ .

يېڭىلگەن كىشى ئاچچىقىدا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

-ئېيتە ئالۋاستى، سەن قانداق قىلىپ مېنى يېڭىۋالدىڭ؟

-ئېتىقادىڭنى دەپ دەرغەزەپكە كەلگەن چېغىڭدا، سەن مېنى يېڭىۋالىسەن؛ ئۆز مەنپەئىتىڭ ئۈچۈن ئاچچىققا پايلىماي قالغان چېغىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالىمەن. سەن ئېتىقاد ئۈچۈن كۈرەش قىلغىنىڭدا، مېنى يېڭىۋالىسەن؛

ئاپتورى: تەۋفىق ھەكىم (مىسىر) ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

شەخسىي پايدا-مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلغان چېغىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالىمەن، -دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئالۋاستى.

## كۆنۈكمە

1- تېكىستنى جانلىق ئوقۇڭلار، ئاندىن تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

2- تېكىستتىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگىنى بېشىغا پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭلار

3- ئىككى ئوقۇغۇچى بىر گۇرۇپپا بولۇپ، تېكىستتىكى ئىككى پېرسوناژنىڭ رولىنى بىردىن ئېلىپ جانلىق كەيپىيات بىلەن دوسكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئوقۇپ بېقىڭلار.

4- ئالۋاستىنىڭ "ئېتىقادىڭنى دەپ دەرغەزەپكە كەلگەن چېغىڭدا، سەن مېنى يېڭىۋالىسەن؛ ئۆز مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ئاچچىققا پايلىماي قالغان چېغىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالىمەن. سەن ئېتىقاد ئۈچۈن كۆرەش قىلغىنىڭدا، مېنى يېڭىۋالىسەن؛ شەخسىي پايدا- مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن كۆرەش قىلغان چېغىڭدا، مەن سېنى يېڭىۋالىمەن، -دېگەن بۇ سۆزى توغرىمۇ؟ بۇنىڭدىن سىلەر بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟

5-تېكىستتە پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە چىراي ئىپادىسى تەسۋىرلەنگەن تېپىپ ئوقۇپ، ئويلىنىپ بېقىڭلار ھەم كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

## ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

### تولدۇرغۇچى

ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىدىكى رولىغا قاراپ تولدۇرغۇچى، ئىنىقلىغۇچى، ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

جۈملىدىكى ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بىرى تولدۇرغۇچىدۇر. تولدۇرغۇچىلار جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1) ماھىرە ئۆيىنى تازىلىۋېتىپتۇ.

2) پەرھات ئاكىسىنى چاقىرىپ كەلسۇن.

3) مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم.

يۇقىرىدىكى 1- جۈملىدىكى «ئۆيىنى» دېگەن سۆز «تازىلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى؛ 2- جۈملىدىكى «ئاكىسىنى» دېگەن سۆز «كەلسۇن» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى؛ 3- جۈملىدىكى «تاپشۇرۇقنى» دېگەن سۆز «ئىشلەپ بولدۇم» دېگەن خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. ئەگەر بۇ تولدۇرغۇچىلارنى ئېلىۋەتسەك، جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى تولۇق بولماي قالىدۇ-دە، ئوي-پىكىر ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ.

ئىسىم خارەكتېرلىك سۆزلەر (سۆز بىرىكمىلىرى) چۈشۈم كېلىش شەكلىدە كېلىپ، پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ كەلسە تولدۇرغۇچى بولىدۇ. تولدۇرغۇچىلار جۈملىدە پېئىلدىن بولغان خەۋەرنىڭ مەنىسىنى تولۇقلاپ، ئۇ خەۋەرلەر بىلەن باغلىنىپ كېلىدۇ.

تولدۇرغۇچىنىڭ گىراماتىكىلىق بەلگىسى «نى» دۇر.

مەسىلەن:

1.مەن خەتنى (نېمىنى؟) قەشقەردىكى ئاكامغا يازدىم.

2.بىز ئوقۇتقۇچىمىزنى (كىمنى؟) ھۆرمەتلەيمىز.

3.مەكتىپىمىز ئىلغارلارنى (كىملەرنى؟) تەقدىرلىدى.

4.سىز ماڭا ھېكايە كىتاپتىن بىرنى (قانچىنى؟) ئېلىپ كېلىڭ.

5.بېلىقلارنىڭ ئون تېلىنى (نەچچىنى؟) ساتتىم.

6.ئۇلار بىزنى (كىمنى؟) ياخشى كۈتۈۋالدى.

7.يېڭى كەلگەنلەرنى (كىملەرنى؟) مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردۇق.

ئەسكەرتىش: چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ قوشۇۋمچىسى بەزىدە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا بۇ سۆزلەر «نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما، بۇ سۆزلەر ئوخشاشلا جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇۋېرىدۇ.

مەسىلەن:

1) ئائىشە كىتاب (نېمە؟) ئوقۇۋاتىدۇ. (ئائىشە كىتاپنى ئوقۇۋاتىدۇ.)

2) بىز كىنو (نېمە؟) كۆردۇق. ( بىز كىنونى كۆردۇق.)

3) مەن تاماق (نېمە؟) ئەتتىم. (مەن تاماقنى ئەتتىم.)

4) سىلەر خەت (نېمە؟) يېزىڭلار. (سىلەر خەتنى يېزىڭلار.)

## ئىشلەپ بېقىڭلار

**1.مۇشۇ بۆلەكتە ئۆگىنىپ ئۆتكەن تېكستلەر ئىچىدىن بەش جۈملىنى كۆچۈرۈپ يېزىپ، ئۇنىڭدىكى تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەم ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.**

**2.تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، بوش ئورۇنغا تولدۇرغۇچلارنى قويۇڭلار:**

1) ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، ________ بۆرە (يەر).

2) بۇ ________ پوچتىخانىغا سېلىنۋەتكەن.

3) ئاپام ________ كىتاپخانىغا ئاپاردى.

4) ________ بىلەن ________ تونۇيدۇ.

5) دوست ________ تىلەر، دۈشمەن ________ (تىلەر).

6) مەن مۇئەللىمدىن ________ سورىدىم.

7) ئالىم ________ ئوبدان بىلىۋالدى.

8) ئاينۇر ________ بەك ئامراق.

## ئاساسىي مەشىق

**1ـ ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى يېزىپ بېقىڭلار.**

1) بىزگە كۆرسەتكەن بۇ ئىلتىپاتلىرىغا قانداق رەھمەت ئېيتىشىمىزنى بىلەلمەيۋاتىمىز. (        )

2) ھىلىقى ئادەملەر پادىشاھنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇپ، ھەشقاللا ئېيتىشقىنىچە ئورىدىدىن چىقىپ كىتىپتۇ. (        )

3) پادىشاھ نېمىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ھاڭ-تاڭ قالغىنىچە تۇرۇپلا قاپتۇ. (        )

4) مەختۇمسۇلا كۆندىن كۆنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ. (        )

5) تۇرالغۇسىغا قايتىپ بىر كېچە ئوبدان ئارام ئېلىپ ئاندىن كەسمەكچى

بوپتۇ. (　　　　)

**2. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.**

1) ناتونۇش كىشىلەر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا نېمىلەرنى دېدى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

2) ناتونۇش كىشىلەر ئەسلىدە نېمە ئادەملەر ئىدى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

3) يالماۋۇز ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن نېمىلەرنى سورىدى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

4) مەختۇمسۇلا يالماۋۇزغا نېمە دەپ جاۋاپ بەردى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

5) تەقۋادار كىشى نېمە ئۈچۈن دەرەخنى ئالۋاستىنى يىقىتقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا كېسىۋەتمىدى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

6) نېمە ئۈچۈن تەقۋادار كىشى بىر ئايدىن كېيىن ئالۋاستى بىلەن ئېلىشىپ، ئالۋاستىنى يىڭەلمىدى؟

----------------------------------------------------------------

----------------------------------------------------------------

## 7- تۆۋەندىكى ھېكايىنى ئوقۇڭلار ۋە ئاخىرىنى ئۆزەڭلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ بېقىڭلار

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا بىر ئانا-بالا ياشايدىكەن. بىر كۈنى ئانىسى:

-ئوغلۇم، بازارغا بېرىپ نان ئېلىپ كەل،- دەپ ئوغلىنى بازارغا يولغا ساپتۇ.

بالا پۇلنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇزاق ماڭماي بىر توپ بالىلارنىڭ توپلىشىپ، ئورۇق بىر مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا يىپ باغلاپ قىيناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپ:

-ھەي بالىلار، مۈشۈكنى ساتامسىلەر؟-دەپتۇ.

-ساتىمىز،- دەپتۇ بالىلار.

-نەچچە پۇل؟

-خالىغىنىڭنى بەر.

-مانا، ئېلىڭلار!- بالا قولىدىكى پۇلنى بېرىپ، مۈشۈكنى قۇچاقلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ.

-ئەكەلدىڭمۇ؟- دەپ سوراپتۇ ئانىسى.

------------------------------------------------

------------------------------------------------

------------------------------------------------

------------------------------------------------

------------------------------------------------

------------------------------ .

## كونىلار راست ئېيتقان

▲بۆرىنى قانچە باقساڭمۇ ئىككى كۆزى جاڭگالدا.

▲بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن.

▲پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ.

▲تاياق گۆشتىن ئۆتەر، تىل سۆڭەكتىن(ئۆتەر).

▲پىچاقنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە سال ئاغرىمىسا كىشىگە.

▲باتۇر بىر قېتىم ئۆلەر قورقۇنچاق مىڭ قېتىم.

▲ئەل ئامانلىقنى تىلەر دۈشمەن يامانلىقنى تىلەر.

▲ئالىمنىڭ خۇمارى بىلىم، بەڭگىنىڭ خۇمارى چىلىم.

▲دۆڭنى كۆرۈپ تاغ دېمە، گۈلنى كۆرۈپ باغ دېمە.

▲ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روھىڭ سامان بولماس.

**سىلەر يەنە قاندان ماقال-تەمسىللەرنى بىلىسىلەر؟ يېزىپ باقايلى.**

(1 ------------------------------------------------

(2 ------------------------------------------------

(3 ------------------------------------------------

(4 ------------------------------------------------

(5 ------------------------------------------------

## ئەمرنى بېھوش قىلىپ قويۇپ، سارايدىن چىقىپ كېتىش

فارابى قىران چاغلىرىدا دەمەشىق شەھرىگە بېرىپ، غورىگۇل ياشىغان، ھەتتا تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن باغدا قاراۋۇللۇق قىلغان، شۇنداقتىمۇ ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان. دەل مۇشۇ مەزگىلدە فارابى كىشىلەردىن دەمەشىق ئەمرىنىڭ ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان، پەزىلەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلايدۇ.

بىر كۈنى فارابى يۇقىرىقى خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە ئەمرنىڭ سارىيىغا بارىدۇ. راست دېگەندەك، سارايدا پۇزۈر كىيىنىشكەن ئىلىم ئەھلىلىرى ئىلمىي مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرلىشىپ ئولتۇرۇشقانىكەن. مۇنازىرە سورۇنىدا ئەمرمۇ بار ئىكەن.

فارابىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئاددىي بولغاچقا، ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ شۇ ھالىدا ئەمرنىڭ سارىيىغا كىرىشكە پېتىنغانلىقىدىن ھەيران قىلىشىپتۇ. ئەمىر فارابىنى تونىمىسىمۇ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. مۇنازىرە داۋاملىشىپتۇ. مۇنازىرە جەريانىدا فارابى تۈرلۈك ئىلىملەردىكى قىيىن مەسىلىلەردە ئۆز قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن بايان قىلىپ، مۇنازىرە ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ئاخىرىدا ئەمىر ساراي سازەندىلىرىنى مۇزىكا چېلىشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ داڭلىق ئۇستىلىرى ھېساپلانغان ساراي سازەندىلىرى بارلىق ماھارەتلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئەڭ ئېسىل كۈي-نەغمە ئورۇنلاشقا باشلاپتۇ. فارابى ئۇلار ئورۇنلىغان مۇزىكىلارنى بېرىلىپ ئاڭلاپتۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئورۇنلاش جەريانىدا سادىر قىلغان كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنى بىرمۇ-بىر كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. فارابىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى

سەزگۈرلىكىدىن ھەيران بولغان ئەمىر:

ـ سىزنىڭ مۇزىكا ئىلمىدىنمۇ خەۋىرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ شۇنداق، مۇزىكا ئىلمىدىنمۇ ئازراق خەۋىرىم بار، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ فارابى.

ـ ئۇنداقتا مالال كەلمىسە بىرەر مۇزىكا چېلىپ بەرسىڭىز، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىڭىزدىنمۇ بەھرىمەن بولساق قانداق؟ ـ دەپتۇ ئەمىر.

ـ بولىدۇ، ـ دەپتۇ فارابى ۋە يېنىدىن بىر چالغۇنى چىقىرىپ چېلىشقا باشلاپتۇ. ئولتۇرغانلار فارابى چالغان مۇزىكىنى ئاڭلاپ، ھاياجاندىن ئۆزلىرىنى باسالماي قېلىشىپتۇ. فارابى يەنە بىر ئاھاڭغا چالغاندا، ئولتۇرغانلار ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرىدا فارابى باشقا بىر ئاھاڭغا چالغاندا، ئەمىر ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن فارابى سارايدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

كېيىن ئەمىر ھەممە پەنلەردە دىگۇدەك كامالەتكە يەتكەن بۇ كىشىنىڭ مەشھۇر ئالىم فارابى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ياخشى ئىمكان يارىتىپ بېرىپتۇ.





## 5. بۆلەك

# پەن-تېخنىكا دۇنياسى

ئاللاھ-تائالا كائىناتتىكى ياراتقان مەخلۇقلىرى ئىچىدە ئەقلىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ نېئمەتنى، "ئىنسان" ئاتلىق بىزلەرگە ئىنئام قىلدى. ئادەم ئاتا كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئاتالغۇسىنى بىلىش بىلەن پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، پەرىشتىلەرنىڭ ھۆرمەت سەجدىسىگە نائىل بولدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىمگە قىلىنغان ئىھتىرام ھېساپلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەنە شۇ ئىلىم بىلەن قۇراللانغان ئىنسانىنىڭ مەڭگۈ خار بولمايدىغانلىقىنىڭ رۇشەن دەلىلىدۇر.

مەيلى بىز دۇنيادىكى قايسى بىر دۆلەت ياكى مىللەتكە قارايلى، ئىلىمنى دوست تۇتقان ئىلىم شەيدالىرىنىڭ كۆكلەردە پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنىڭ بولسا مەھرۇمىيەت ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز.

بىز بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىز ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرەتلىك يارىتىش سەنئىتىگە شاھىد بولۇش بىلەن بىرگە، ئىرادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئىلىم -مەرىپەت يولىدا غەيرەت بىلەن ئالغا ئىلگىرلەيمىز! بىلىمسىزلىكتىن ئىبارەت بۇ دۈشمەن بىلەن ئاداققىچە جەڭ قىلىپ، غەلبە تەنتەنىسىگە جۆر بولىمىز.

«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىپتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.»

سۈرە فاتىر: 8- ئايەت

# 14-دەرس

## تۇنجى قەدەم



كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى پروفېسسور ھوشۇر ئىسلام 1942- يىلى 8-ئايدا غۇلجىنىڭ چاپچال ناھىيە چوڭ بۇغرا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1964-يىلى 6- ئايدا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن. ئۇ ئۆزى باش بولۇپ ئۈستىگە ئالغان 30 نەچچە تۈر ئىچىدە، ئالتە تۈر خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن. 9 تۈر تۇنجى ئىجادىيەت بولۇپ باھالىنىپ، مىللىي يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان. ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىق ئۇچۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغان. كومپيۇتېرنى قوللىنىش دوكتور پونكىتى، دوكتور ئاشتى سەييارە پونكىتى، تۆت ماگىستىر تەربىيلەش پونكىتى، مىللىي يېزىق ئۇچۇر تېخنىكا تەتقىقات-تەرەققىيات مەركىزى ۋە نوقتىلىق تەجرىبىخانىسىنى باش بولۇپ قۇرۇپ چىققان.

پەخىرلىك ئۇستاز ھوشۇر ئىسلام جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ساھەسىنى ئاچقان. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرچە ئاۋاز تونۇش سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىقتى. 10 نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە يېزىق

ئاپتورى: ئابدۇشكۈر ئابدۇكېرىم

ئۇچۇرلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى.

ئەلۋەتتە بۇنداق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنىڭ ئارقىغا مۈشكۈل داۋانلاردىن ئېشىش جەريانىدىكى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز مۇشەققەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. جاپاغا بويۇن ئەگمەي ئۇيغۇر خەلقىنى يەر شارىنىڭ بىر پۇقراسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلەپ ماڭالىشى ئۈچۈن تۇنجى قەدەمنى باسقان بۇ ئۇستازىمىزنىڭ ھېكايىلىرى ئىچىدىكى بىرىنى ئەسلەپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

1984-يىلى ھوشۇر ئىسلامنىڭ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كومپيۇتېر ئىلمى فاكۇلتېتىدا ئالتە ئايلىق بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان مەزگىلى ئىدى.

بىر كۈنى ھوشۇر ئىسلام يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسىنى ئىزدەپ كىرىپ:

-مۇئەللىم، مۇمكىن بولسا ماڭا كەچلىرى بىرەر كومپيۇتېرنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان بولسىڭىز؟- دەيدۇ.

- ئىشلىتىپ تۇرساڭ بولىدۇ. بىراق، كەچتە تەجرىبىخانىغا چىقىپ نېمىش قىلماقچى؟- دەپ سورايدۇ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ھەيران بولۇپ.

-كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈش ئۈستىدە ئىزدىنىپ باقايمىكىن دەيمەن،- دەيدۇ ھوشۇر ئىسلام ئۇدۇللا قىلىپ.

-نېمە دېدىڭ؟ كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈپ باقاي دېدىڭما؟!

- دەيدۇ يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ھەيرانلىق ۋە ئىشەنمەسلىك پوزىتسىيەسى بىلەن.

-لېكىن، بۇ سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس. كومپيۇتېر دېگەن بۇ نەرسىنى ئامېرىكىلىقلار كەشىپ قىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ پۈتۈن تىل ۋە يېزىقى ئېنگلىزچە. ھازىر دۆلىتىمىز نۇرغۇن ئىقتىساد ۋە نەچچە مىڭ مۇتەخەسسىسنى ئاجرىتىپ، كومپيۇتېرغا خىتاي يېزىقىنى كىرگۈزۈش ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ تەتقىقات پات ئارىدا تاماملىنىدۇ.




يېتەكچى ئوقۇتقۇچى سەل توختىلىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى:

-مېنىڭ بىلىشىمچە، كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى خىتاي يېزىقىنى كىرگۈزۈشتىن نەچچە ھەسسە چوڭ، چۈنكى ئېنگلىزچە بىلەن خىتايچە سولدىن ئوڭغا، ھەرپ ۋە خەتلەر يەككە ھالەتتە يېزىلىدۇ، كەڭلىكىمۇ ئوخشاش، يورۇق بەلگە تەڭ كەڭلىكتە يۆتكىلىدۇ. سىلەرنىڭ يېزىق بولسا ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرپلىرىڭلار بىر-بىرىگە ئۇلىنىدىكەن، ھەرپلەرنىڭ كەڭلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس، يورۇق بەلگە ئىختىيارىي كەڭلىكتە يۆتكىلىدۇ. بۇنداق چوڭ ئىشنى يالغۇز بىر ئادەمنىڭ روياپقا چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس.

-توغرا دېدىڭىز مۇئەللىم، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر چوڭ ئىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولىدۇ. كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈش ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئۇچۇر دەۋرىگە باشلاپ كىرىشتە تولىمۇ

مۇھىم. بۇ ئىشنى مەن باشلىمىسام ھامان بىر كۈنى باشقا بىرىنىڭ قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ئىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەيمىكىن دەيمەن!

ھوشۇر ئىسلامنىڭ پەردازسىز سەممىي سۆزلىرى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنى قايىل قىلدى.

ھوشۇر ئىسلام يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ قولىدىن تەجرىبىخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان كۈندىن باشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى.

سىناق، مەغلۇبىيەت، يەنە سىناق، يەنە مەغلۇبىيەت...

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆستەڭدىكى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈۋەردى. بەزى كۈنلىرى كەچلىك تاماقتىن كېيىن تەجرىبىخانىغا كىرىپ كەتكەن ھوشۇر ئىسلام كومپيۇتېر ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ قاچانلاردا تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي، ناشتىغا ئۈلگۈرۈپ قايتىپ چىقاتتى. ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنىڭ كومپيۇتېرنىڭ خەت ئامبىرىغا كىرگۈزۈش، ھەرپلەرنىڭ كود ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە ھەرپلەرنىڭ كومپيۇتېر كونۇپكا تاختىسىدىكى ئورنىنى بېكىتىش قاتارلىق نازۇك ھەم ئېنچىكە تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ھوشۇر ئىسلامنىڭ «كاجلىق» بىلەن قايتا-قايتا سىناق قىلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر تۈنجى قەدەمدە بىر-بىرلەپ ھەل بولۇشقا باشلىدى.

ئىيۇن ئايلىرىنىڭ ئاخىرى، تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ.

ھوشۇر ئىسلام تىنچىق ھاۋا دەستىدىن يۈز-كۆز ۋە پېشانىلىرىدىن شۇرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان تەرلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن پاكىز



سۈرتۈپ، ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىنى كومپيۇتېرنىڭ كونۇپكا تاختىسىغا ئۇزاتتى.

مانا، مۆجىزە ئاخىر يۈز بەردى. «ت»، «ن»، «ب» قاتارلىق ئۇيغۇرچە ھەرپلەر كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدە ئېگىز-پەس بولۇپ كۆرۈندى.

«چىقتى!... چىقتى!... » ھوشۇر ئىسلام ھاياجاندىن ۋارقىرىغىنىچە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك قاتتىق چىقتىكى، مۇبادا ئەتراپتىكى ئىشخانىلاردا ئادەم بولغان بولسا، ئۇنى ئالجىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە تەجرىبىخانىدا ئۇياقتىن ــ بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ خۇشاللىقنى، ياق، خەلقىمىزگە نىسبەتەن كاتتا خوش-خەۋەر ھېساپلىنىدىغان بۇ يېڭىلىقنى يېقىنلىرىغا، كەسىپداشلىرىغا ئېيتىپ بېرىشكە تولىمۇ تەقەززا ئىدى.



## كۆنۈكمە

**1ـ تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە ئۆزەڭلار ياقتۇرغان جۈملىلەرنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىڭلار.**

**2ـ «دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر چوڭ ئىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بولىدۇ. كومپيۇتېرغا ئۇيغۇر يېزىقىنى كىرگۈزۈش ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئۈچۈر دەۋرىگە باشلاپ كىرىشتە تولىمۇ مۇھىم. بۇ ئىشنى مەن باشلىمىسام ھامان بىر كۈنى باشقا بىرىنىڭ قىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ ئىشقا ئۆرۈنۈپ كۆرەيمىكىن دەيمەن!» بۇ جۈملىلەردىن نېمىنى چۈشىنىۋالدىڭلار؟**

3- «هوشۇر ئىسلامنىڭ پەردازسىز سەممىي سۆزلىرى يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنى قايىل قىلدى». بۇ جۈملىدىن هوشۇر ئىسلامنىڭ سۆزنى قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ؟

4- تېكىست مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

5- تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ باشقا ئالىملىرىمىز توغرىسىدىمۇ پىكىر ئالماشتۇرۇپ بېقىڭلار.



مەن ئۇستازىمىز ئالىم ئەھەت توغرىسىدا توپلاپ كەلگەن ماتېرىيالىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي.





مەن ئالىمىمىز خالمۇرات غوپۇر توغرىسىدا توپلاپ كەلگەن ماتېرىيالىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي.





مەن ئالىمىمىز ئەركىن سىدىق توغرىسىدا توپلاپ كەلگەن ماتېرىيالىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقاي.



# 15-دەرس

## ئىلھام بۇلاقلىرى

بىر كىشى: «ھەقىقەتەن 100 سوئال بەلگىسىدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدۇ.» دېگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھەقىقەتتۇر.

ئۇزاق يىللار مابەينىدىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات تارىخىغا قارايدىغان بولساق، كەشپىياتچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغان ئۇششاق ھادىسىلەر ئىچىدىكى مەسىلىنى كۆرۈپ، تىنىمسىز سوئال قويۇپ، گۇمانلىق مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىپ، تېگى-تەكتىنى ئاختۇرۇپ، ئاخىرىدا «؟»نى تۈزلەپ «!»گە ئايلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى تېپىپ چىققان.

---

17-ئەسىرنىڭ بىر ياز كۈنى، ئەنگلىيەلىك داڭلىق خىمىيە ئالىمى پوئىبىر تەجرىبىخانىسىغا ئالدىراپ كېلىپ، ئەمدىلا بوسۇغىدىن ئاتلىشىغا، ئاجايىپ بىر خىل خۇشپۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇ گۈلخانىسىدىكى ئەتىرگۈللەرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ گۈللەردىن ھوزۇرلىنىشنى ئويلىدى ـ يۇ، بىر كۈن تەجرىبە ئىشلەيدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، بىر نەچچە تال رۇخسارگۈلنى ئۈزۈۋېلىپ، لىق سۇيى بار لوڭقىغا سېلىپ قويدى. ئاندىن ياردەمچىلىرى بىلەن تەجرىبىنى باشلىۋەتتى. بىر ياردەمچىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تامچە تۇز كىسلاتاسىنى رۇخسارگۈلگە تامدۇرۇۋەتتى. گۈلگە ئامراق پوئىبىر تۈتەك كۆتۈرۈلۈۋاتقان رۇخسارگۈلنى



دەرھال سۇ بىلەن چايقاپ، لوڭقىغا قايتا سېلىپ قويىدى. كىم بىلسۇن، گۈل بەرگىلىرىگە سۇ تەككەندىن كېيىن، تۈز كىسلاتاسى تېمىپ كەتكەن گۈل بەرگى خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا قىزىرىپ قالدى. پويىبىر رۇخسارگۈلدىكى بىر تەركىبنىڭ تۈز كىسلاتاسى بىلەن ئۇچراشقاندا قىزىلغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىدى. ئۇنداقتا، بۇ ماددا زادى نېمىدۇ؟ باشقا ئۆسۈملۈكلەردىمۇ مۇشۇنداق ماددا بارمىدۇ؟ بۇ ماددا باشقا كىسلاتالارغا قانداق تەسىر كۆرسىتەر؟ بۇنىڭ خىمىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن قانداق ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىن؟ بۇ غەلىتە ھادىسە بىر قاتار مەسىلىلەر پويىبىرنىڭ نۇرغۇن تەجرىبە قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ قىسىم گۈل-گىياھلارنىڭ كىسلاتا ياكى ئىشقارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ رەڭ ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، تەجرىبىدىن ئېلىنغان بىنەپشە رەڭلىك ئېرىتمىدە، بۇ ئەھۋالنىڭ ئەڭ روشەن بولىدىغانلىقىنى، ئۇ كىسلاتا بىلەن ئۇچراشسا قىزىل رەڭگە، ئىشقار بىلەن ئۇچراشسا كۆك رەڭگە كىرىدىغانلىقىنى بايقىدى. پويىبىر بۇ ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، تەجرىبىخانىدا دائىم ئىشلىتىدىغان كىسلاتا ئىشقار سىناق قەغىزىنى ياسىدى. كېيىنكى 300 يىل مابەينىدە، بۇ تەجرىبە قەغىزى خىمىيە تەجرىبىسىدە كەڭ، ئىزچىل ئىشلىتىپ كېلىنمەكتە.



ئاۋستىرىيەلىك بىر دوختۇرنىڭ كەچۈرمىشى تېخىمۇ قىزىقارلىق. بۇ قېتىم ئۇ ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆز



قارىچۇقنىڭ تويۇقسىز ئايلانغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ تولىمۇ غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، دەرھال ئوغلىنى چاقىرىپ ئويغاتتى، ئوغلى بايا چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ دوختۇر كۆز قارىچۇقنىڭ ئايلىنىشى چۈش كۆرگەنلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ، قانداق مۇناسىۋەتتى بولىشى مۇمكىن، دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر قاتار گۇمانلىق سوئاللار ئىچىدە، ئوغلى، ئايالى، قولۇم-قوشنىلىرىنى تەجرىبە ئوبيېكتى قىلىپ، ئاخىر مۇنداق يەكۈننى چىقاردى: ئۇخلاۋاتقان ئادەم كۆز قارىچۇقىنى ئايلاندۇرغاندا، ئۇ ھەقىقەتەن چۈش كۆرۈۋاتقان بولىدۇ. ھازىر، كىشىلەر تەتقىق قىلىپ، كۆزنىڭ ئايلىنىش قېتىم سانى ۋە ۋاقتىغا ئاساسەن، ئادەمنىڭ چۈش كۆرۈش قېتىم سانى ۋە چۈشنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ئۆلچەيدىغان بولدى.



ئەنگلىيەلىك دۇنياغا مەشھۇر ماتېماتىكا ئالىمى نيۇتون، بىر كۈنى ئارام ئېلىش ئۈچۈن بىر ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرىدۇ. تويۇقسىز دەرەختىكى بىر تال ئالما نيۇتوننىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. نيۇتون بۇ ئىشتىن كېيىن داۋاملىق ئويلىنىشقا باشلايدۇ.

-نېمە ئۈچۈن ئالما دەرەختىن ئۈزۈلۈپ كەتكەندە ئاسمانغا چىقىپ كەتمەي يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ؟

بۇ سوئال نيۇتوننىڭ خىيالىدىن كەتمەيدۇ ۋە بىر قانچە كۈن ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىر «يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى نەزىرىيىسى»نى تېپىپ چىقىدۇ.

رۇخسارگۈلنىڭ رەڭ ئۆزگەرتىشى، ئۇخلىغاندا كۆز قارىچۇقىنىڭ ئايلىنىشى، ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشى دېگەنلەر ئىنتايىن ئادەتتىكى ئىشلار. ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىشكە ماھىر كىشىلەر بۇلاردىن پايدىلىنىپ بايقايدۇ، كەشىپ قىلىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. ئىلىم-پەن تارىخىدا بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇ ئىلىم-پەننىڭ سىرلىق ئەمەسلىكىنى، ھەقىقەتنىڭ ھەرگىز يىراق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. سىز كىچىككىنە ئىشلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشكە، سوئال قويۇشقا ماھىر بولسىڭىز ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنسىڭىزلا، بىر نەچچە سوئال بەلگىسىگە جاۋاب تاپقاندىن كېيىن، ھەقىقەتنى تاپالايسىز.



ئەلۋەتتە، كىچىككىنە ئىشلاردىن ماھىيەتكە يېتىش، سوئال قويۇشقا ماھىر بولۇش ھەمدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش قابىلىيىتى ئۆزلىكىدىن پەيدا بولمايدۇ. ئەگەر ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئاللىقانداق تاسادىپىي پۇرسەت بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق «تاسادىپىي پۇرسەت» تەييارلىقى بار، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، تىرىشچان كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولىدۇ.

## كۆنۈكمە

1ـ تېكىستتىكى مەزمۇنلارغا دىققەت قىلغان ئاساستا كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇڭلار.

2ـ ئەتراپىمىزدا نۇرغۇن نەرسىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز، لېكىن بۇ شەيئىلەر بەلكىم بىزنىڭ چوڭ بىر بايقاشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن. ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق بايقىغان نېمە نەرسىلەرنى بايقىدىڭىز؟ ساۋاقداشلار ئارا مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى!

3ـ سىزمۇ نيۇتۇنغا ئوخشاش بىر ئالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا بېشىڭىزغا ئالما چۈشسە قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟ نيۇتۇن بىلەن ئارىمىزدىكى تەھلىل ئۇسلۇبىنى ھەس قىلىپ باقايلى!



# 16- دەرس

## چاقپەلەك ياساش



ئەتراپىمىزدا كۆپىنچە نەرسىلەرگە ئۇنچىۋالا دىققەت قىلىپ كەتمەيمىز ياكى ئۇ نەرسىلەر ئانچە دىققىتىمىزنى تارتالمايدۇ . دۇنياغا مەشھۇر ئالىملارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش باللىق دەۋرلىرى ئۆتكەن. ئەنە شۇلار باللىق دەۋرلىرىدىمۇ، تاساددىبى ئۇچرىغان بەزى شەيئىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش، تەھلىللەرنى ئىلىپ بېرىش ئارقىلىق بىز ئويلاپ باقمىغان يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

بۈگۈنكى دەرسىمىزدە باللىق ۋاقىتلىرىدىلا يېڭى كەشپىياتلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، ھەممىنىڭ دىقىتىنى ئۆزىگە تارتقان، دۇنياۋي مەشھۇر شەخس «نيۇتون» نىڭ باللىقى ھەم ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز.

نيۇتون، 1643- يىلى 1- ئاينىڭ 4- كۈنى ئەنگلىيەدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى، نيۇتون تۇغۇلۇشتىن 3 ئاي بۇرۇن ۋاپات بولغانىدى. تۇغۇلغاندا زىيادە ئاجىزلىقى سەۋەپلىك، ئەتراپىدىكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ ياشىيالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

نيۇتون ناھايىتى كېسەلچان ۋە ئاجىز چوڭ بولدى. شۇ سەۋەپتىنمىكىن ئۇ ئەتراپىدىكى تەڭتۇشلىرى بىلەن پەقەت بىللە ئوينىمايتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بەكمۇ قىزىقىدىغان بولۇپ،

مومىسى بەرگەن پارچە پۇللارنى يىغىپ ھەرە، پالتا، ئىسكىنە قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى. ئۇ كەچكىچە ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە ئۆگىنىشىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئويۇنچۇقلارنىمۇ دوستلىرى بىلەن بىللە ئوينىماستىن ئۆزى ياساپ چىقاتتى. تىنخى كىچىك تۇرۇپلا ياساپ چىققان چاقپەلەك ۋە قۇياش سائىتى بۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

بىر كۈنى نيۇتون مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، تۇساتتىن كەنت يېنىغا ئۇن تارتىدىغان تۈگمەن چاقپىلىكى ئورنىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ چاقپەلەككە قىزىقىپ كېتىپ ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرسىلا چاقپەلەكنى كۆرگىلى بارىدىغان بوپتۇ. چاقپەلەك پۈتكەندىن كېيىن، نيوتۇن مومىسىغا ياردەملىشىپ بىر خالتا بۇغداينى ئۇن قىلىپ تارتقىلى يۈدۈپ بېرىپتۇ. چاقپەلەك تاش تۈگمەننى پىرقىرىتىپ، ئاپئاق ئۇنلارنى تۈگمەن تېشى ئەتراپىدىن چىقارغانلىقىنى كۆرگەن نيۇتون مومىسىغا:

– موما مەنمۇ چاقپەلەك ياسايمەن، - دەپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن نيۇتون مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا ئۆيگە كىرىۋېلىپ تاڭ-تۇڭ ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئالدىراش يۈرىدىغان بوپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ راستىنلا كىچىككىنە بىر چاقپەلەك ياساپ چىقىپتۇ، چاقپەلەك يەلپۈگۈچتە يەلپۈپ قويسىمۇ پىرقىرايدىكەن. بۇنى كۆرگەن مومىسى:

– بۇ چاقپەلىكىڭ ئۇن تارتالامدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

نيوتۇن تولىمۇ سەببىلەرچە:



ـ

تارتالايدۇ، ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مومىسى كۈلۈپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى نيۇتون چاقپىلىكنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ دەرس ئۇستىلىگە قويۇپتۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ نېمە ياسىغانلىقىغا قىزىقىپ ئۇنى ئورىۋاپتۇ. نيۇتون كۆرەڭلىگىنىچە چاقپىلىكنى پىرقىرىتىپتۇ، كۆپچىلىكمۇ ياخشى ياساپسەن دەپ ماختىشىپتۇ. بۇ چاغدا كات ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشى يۇقىرى ئاۋازدا:

ـ نيۇتون چاقپەلەك نېمە ئۈچۈن پىرقىرايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسەن؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ سەۋەبى؟

نيۇتون بۇنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىكەن. قول ھۈنەرۋەنچىلىككىمۇ سەۋەپ سۆزلەش كېتەمدۇ؟ كات نيۇتوننىڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۈلگەن ھالدا:

ـسەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسەڭ، ياسىغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ تولىمۇ كۈلكىلىكتە بۇ! ـ دەپتۇ. باشقا باللارمۇ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا كىم ئىتتىردىكىن، چاقپەلەكمۇ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كېتىپتۇ.

نيوتون خىجىل بولغىنىدىن ھوپپىدە قىزىرىپ كېتىپتۇ. سۇنۇپ كەتكەن چاقپەلەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بوپتۇ، ئەمما بىر تامچىمۇ ياش تۆكمەپتۇ. ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن نيوتون تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەرقانداق مەسىلىگە يولۇققاندا نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى قويىدىغان بوپتۇ ھەمدە بارا-بارا ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈپتۇ.



## كۆنۈكمە

**1-تېكىستنى ئىچىڭلاردا بىر قېتىم ئوقۇڭلار**

**2- ئادەتتە تۇرمۇشىمىزدا ئۇچرىتىدىغان شەيئىلەر سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى تارتامدۇ؟ نېمىشقا؟**

**3- سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ، مۇلاھىزە قىلىشىپ بېقىڭلار، بىر گۇرۇپپا -"ئەتراپتا ئۇچراتقان شەيئىلەرگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، بەلكىم بىزگە پايدىلىق بىر تەرىپى بولۇشى مۇمكىن"-دېگەن تېمىدا، يەنە بىر گۇرۇپپا-" ئارتۇق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش ياخشى ئەمەس، بەلكىم بىر نەرسىلەر بىلەن كۆپ ھەپىلەشسەك بۇزۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن"-دېگەننى چۆرىدەپ تۇرۇپ بىر مۇنازىرە ئېلىپ بېرىڭلار.**

**4-سىزچە كاتتىنىڭ ئىيتقانلىرى توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟**

**5-گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ،ئوقۇتقۇچۇڭلارنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن سىلەرمۇ چاقپەلەك ياساپ بېقىڭلار.**

## ئېنىقلىغۇچى

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە سۇئال بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قايسى سۆزلەرنىڭ قانداق بەلگىلىرىنى ئېنىقلاپ كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار:

1.بىپايان يايلاقتا ئاق بۇلۇتتەك پادىلار ئوتلىماقتا.

2.چوڭ ھارۋىدا 100دىن ئارتۇق تاۋۇز تۇراتتى.

3.ئادىلەنىڭ قىزىل كۆڭلىكى بار.

4.مەن تۆمۈر ئارا ياسىدىم.

1ـ جۈملىدىكى «بىپايان» دېگەن سۆز «يايلاق» دېگەن ئىسىمنىڭ دائىرىسىنى، «ئاق بۇلۇتتەك» دېگەن سۆز «پادا» دېگەن ئىسىمنىڭ سۈپىتىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

2ـ جۈملىدىكى «چوڭ» دېگەن سۆز «ھارۋا» دېگەن ئىسىمنىڭ ھەجىمىنى، «100دىن ئارتۇق» دېگەن سۆز «تاۋۇز» دېگەن ئىسىمنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

3ـ جۈملىدىكى «ئادىلەنىڭ» دېگەن سۆز «كۆڭلەك» دېگەن ئىسىمنىڭ كىمگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى، «قىزىل» دېگەن سۆز «كۆڭلەك» دېگەن ئىسىمنىڭ رەڭگىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

4ـ جۈملىدىكى «تۆمۈر» دېگەن سۆز «ئارا» دېگەن ئىسىمنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. دېمەك، يۇقىرىدىكى ئاستى سىزىلغان

سۆزلەر ئىپتىقلىغۇچىلاردۇر.

جۈملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى، سانىنى، بەلگىسىنى، دەرىجىسىنى، نېمىدىن ياسالغانلىقىنى ۋە كىمگە، نېمىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئەگەشمە بۆلەكلەر ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

1. مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانى رېمونت قىلىنىدۇ.

2. مومام قىزىق چۆچەك سۆزلەپ بەردى.

3. ئون ئوقۇغۇچى بىر كۈندە 200 تۈپ كۆچەت تىكىپتۇ.

4. پېتىۋاتقان قۇياش ئاخىرقى نۇرىنى چاچماقتا ئىدى.

5. مەن غۇر-غۇر شامالدا لەگلەك ئۇچۇردۇم.

ئېنىقلىغۇچىلار جۈملىدە ئاساسەن ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سۆزنىڭ ئالدىدا باش ھەم ئىگىلىك كېلىشتە كېلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچىلار «قانداق؟ قايسى؟ كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ قانچە؟ نەچچە؟ قانچىنچى؟ قەيەردىكى؟ قاچانقى؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

1.باغدا قىزىل (قانداق؟) گۈللەر ئېچىلىپتۇ.

2.بۇلبۇلنىڭ (نېمىنىڭ؟) سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

3.قوغۇنلۇقتىكى (قەيەردىكى؟) قوغۇنلار ئۈزۈپ بولۇندى.

4.تۆنۈگۈنكى (قاچانقى؟) تاماق بەكلا ئوخشاپتۇ.

5.بۇ – جاپپارنىڭ (كىمنىڭ؟) سومكىسى.

6.ئاۋۇ (قايسى؟) دەپتەرنى ئېلىۋېتىڭە.

7. 300 تۇياق (نەچچە تۇياق) قوي قار ئاستىدا قاپتۇ.

## ئىشلەپ بېقىڭلار

**1. تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇپ، ئېنىقلىغۇچىلارنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار:**

- داداڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول.
- ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى (يارار).
- بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
- كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.
- ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
- تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ.

**2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېنىقلىغۇچى قىلىپ جۈملە تۈزۈڭلار.**

ئون بىر　كىچىك　ئاچچىق　چوڭ　ئەقىللىق

شەھەردىكى　ئەتىگەنكى　ئاسماندىكى　قۇشلارنىڭ

### ئاغزاكى ئالاقە

**پەن تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پايدىسى چوڭمۇ ياكى زىيىنىمۇ؟**

پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى تۇرمۇشىمىزدا زور يېڭىلىقلار پەيدا قىلدى. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىلا ياخشى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىۋەرمەيدۇ، بەزىدە پەن- تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلارغا يېڭى-يېڭى باش قېتىنچىلىقلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاپتوموبىلنىڭ كەشىپ قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشىنى قولايلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مۇھىت بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بۇ قېتىم بىز "پەن- تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ پايدىسى

چوڭمۇ ياكى زىيىنمۇ؟" دېگەن مەسىلىنى چۆرىدەپ، مۇنازىرە ئۆتكۈزەيلى.

ئالدى بىلەن، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئىپادىلەپ باقسۇن، "پايدىسى چوڭ" دەپ قارايدىغانلار "ئا" تەرەپ، "زىيىنى چوڭ" دەپ قارايدىغانلار "ب" تەرەپ بولسۇن، مۇنازىرلىشىشتىن بۇرۇن، ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان كونكرېت مىساللار ۋە ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل توپلىسا، يەنە قارشى تەرەپنىڭ قايسى جەھەتلەردىن قارشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقى، بۇلارغا قانداق رەددىيە بېرىش كېرەكلىكى توغرۇلۇق مۇنازىرلەشسە بولىدۇ. مۇنازىرلەشكەندە، مۇۋاپىق مىساللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزىمىزنىڭ قارشىنى چۈشەندۈرسەك بولىدۇ. دېمەكچى بولغانلىرىمىزنى تەرتىپلىك، ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رىياسەتچى خۇلاسىلەپ، ئىككى تەرەپنى پەن-تېخنىكىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىنى تەپسىلى چۈشىنىشكە يېتەكلىشى لازىم .

## ماتېماتىكىلىق بايقاش

نۆۋەتتىكى مىلادىيە يىلىدىن 622نى ئېلىۋېتىپ، چىققان سانىنى 0,97گە بۆلسەك، نەتىجىسى ھىجرىيە يىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

$$(2015 - 622) \div 0,97 = 1436$$

نۆۋەتتىكى ھىجرىيە يىلىنى 0,97 گە كۆپەيتىپ، چىققان سانغا622 نى قوشساق، نەتىجە مىلادىيە يىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

$$1436 \times 0,97 + 622 = 2015$$

ئۇنداقتا سىلەرمۇ يۇقىرىدىكى ھېساپلاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق بۇ يىلنىڭ مىلادىيە ۋە ھىجرىيە يىللىرىنى تاپالامسىلەر؟

## ئاساسىي مەشىق

1ـ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار

1) ھوشۇر ئىسلام قەيەردە، قانچىنچى يىلى تۇغۇلغان؟

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

2) ھوشۇر ئىسلامنىڭ قىلغان خىزمىتى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن قانداق مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە؟

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

3) يالغۇز بىر ئادەمنىڭ جاپالىق ئىشلەش نەتىجىسىدە بىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزەلىشى بىزگە نېمىلەرنى ھېس قىلدۇرىدۇ؟

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

--------------------------------------------------------

4) ئەتراپىمىزدىكى ھەرخىل نەرسىلەر بىزگە بىر مۇھىم بايقاشتىن ئۇچۇر بېرىشى مۇمكىن، سىز ئادەتتە مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچراپ باقتىڭىزمۇ؟

--------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

**5) يەرنىڭ تارتىش كۈچى بولمىغان بولسا ئىنسانلار قانداق ھەرىكەت قىلىشى مۇمكىن ئىدى؟**

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

**2ـ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.**

1) يەخىرلىك ئۇستاز ھوشۇر ئىسلام جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش (            ) ئاچقان.

2) ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇرچە ئاۋاز تونۇش (                    ) ئىشلەپ چىقتى.

3) مەسىلىلەر ھوشۇر ئىسلامنىڭ («            ») بىلەن قايتا-قايتا سىناق قىلىشى نەتىجىسىدە ئاخىر تۇنجى قەدەمدە بىر-بىرلەپ ھەل بولۇشقا باشلىدى.

4) بىر كۈن تەجرىبە ئىشلەيدىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، بىر نەچچە تال (            ) ئۈزۈۋېلىپ، لىق سۈيى بار لوڭقىغا سېلىپ قويىدى.

5) شۇ سەۋەپتىنمىكىن ئۇ ئەتراپىدىكى (                    ) بىلەن پەقەت بىللە ئوينىمايتتى.

6) بىر كۈنى نيۇتون مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، توساتتىن كەنت يېنىغا ئۇن تارتىدىغان (                    ) ئورنىتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

### 3ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىپ بېقىڭلار

1) كومپيۇتېرنى باش بولۇپ قۇرۇپ چىققان.

2) ھوشۇر ئىسلام كونۇپكا تاختىسىغا ئۇزاتتى.

3) ئۇ ھاياجان ئىلكىدە كەسپداشلىرىغا ئېيتىپ بېرىشكە تولىمۇ تەقەززا ئىدى.

4) بۇ غەلىتە ھادىسە تۈرتكە بولدى.

5) ئۇ بۇ قېتىم بايقاپ قالدى.

6) ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆگىنىدىغان ئادەت يېتىلدۈرۈپتۇ.

# ماتېرىيال خالتىسى

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

ئۇ قۇياش ئىللىق نۇر چاچقان بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ئىدى. مەريەم مەكتەپتىن سەكرەپ ـ تاقلىغىنىچە ئۆيىگە قايتتى. ئالدىدىكى يېقىنلا بىر جايدا قوشنا سىنىپتىكى بەش ئوغۇل بالا ئويناۋاتاتتى. بىرى يىپ پىرقىرتىپ ئويىنسا، يېنىدىكى بالا قولىنى سوزۇپ تالىشاتتى. تۇيۇقسىز ئىككىلىسى ۋارقىرىغىنىچە يەرگە يىقىلدى. قالغان ئۈچ بالا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى يۆلىمەكچى بولۇشتى ـ يۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ۋارقىراشقىنىچە يىقىلدى.



بۇنى كۆرگەن مەريەم داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ، باللارنىڭ نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن ئىدى. يېقىن بېرىپ قارىسا، باللار قورقۇپ كەتكىنىدىن مىدىرلىماي يېتىشقانىكەن. خۇددى بىر نەرسىدىن قۇتۇلالمايۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

-نېمە بولدى؟ -سورىدى مەريەم. ئۇ ئۇلارنى قورۇلدۇرماقچى بولۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا بوراندا ئۈزۈلۈپ كەتكەن توك سىمىنى كۆردى.

مەريەمنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇ بالىلارنى توك تېپىۋەتكەنلىكىنى بىلدى. " قانداق قىلسام بولار؟"-دەپ ئويلىنىپ قالدى.

مەريەم باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولسىمۇ، لىكىن توكقا ئائىت ئەڭ ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ باققانىدى. شۇڭلاشقا ئۆزىنىڭمۇ ئېتىلىپ بارسا، ئۇ بالىلاردەك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ چاغدا بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈياقتا تۇرسۇن ئۆزىنىڭمۇ ھاياتىدىن ئايرىلاتتى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىسىدىن كاۋچۇك، نىلون، ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەردىن توك ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلىقى غۇۋا ئېسىگە كەلدى. بۇ ھالقىلىق پەيتتە بۇلارنى نەدىن تاپسۇن؟ ئۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر ئەقىل تاپتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ كوپتىسى نىلون ئىدى.

مەريەم يوپكىسىنىڭ ئۇچىنى كالىلەك قىلىپ، جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ باردى- دە، تېزلا ئۇلتۇردى. بۇ تولىمۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى. سەللا خاتا كەتسە جېنىغا زامىن بولاتتى. شۇنداقتىمۇ بەش دوستىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن مەريەم ھېچ ئىككىلەنمىدى. ئاخىر ئۇ قېلىن نىلون كوپتىسىنىڭ ئۇچىدا توك سىمىنى ئوراپ يىراققا تاشلاپ بالىلارنىڭ بەدىنىدىن ئېلىۋەتتى.

بەش بالا قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار ھوشىغا كەلگەندە، ھەممىسى مەريەمگە رەھمىتىنى بىلدۈرۈشتى.

مەريەم ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن:

-ئۆگەنگەن بىلىمىڭلارنى ئەستە ساقلاپ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتەلەيدىغان بولۇڭلار، ئۆزۈڭلارنى قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار- دېدى.



## 6. بۆلەك

### ئەسلىمە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئۆرپ- ئادىتى ۋە قائىدە- يۇسۇنى بولىدۇ. ئۆرپ- ئادەت، قانداقتۇر ئارتۇقچە ئاۋارچىلىق بولماستىن، ئاشۇ مىللەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدىكى تارىخ ئەلگەكلىرىدە تاسقىلىپ، ئەجدادلاردىن ئەۋلاتلارغا ئۇلاشقان مەنىۋي بايلىقى ۋە مىراسىدۇر.

بۇ بايلىقلارنى قوغداپ ۋە قېزىپ چىقىرىپ، كېيىنكىلەرگە ئامان-ئېسەن ئۇلاشتۇرۇش بىزگە چۇشكەن ئامانەتتۇر. بۇ ئامانەت ۋە بىباھا بايلىق، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالسا ئەسلا بولمايدۇ.

بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىزدە ئۇلۇغ ئاتىلىرىمىزنىڭ بىزگە ئامانەت قىلغان مەنىۋى بايلىقلىرىنى جان- جەھلىمىز بىلەن قوغداپ، ئەتىدىكى بىزنى ساقلاۋاتقانلارغا، كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرگۈچى تەنھەرىكەتچىلەرگە ئوخشاش چەبدەسلىك بىلەن ئۇزىتىشنى ئۆگىنىمىز.

بايلىقىمىز ۋە بارلىقىمىز بولغان مىللىي مەدەنىيىتىمىز مەڭگۈ ياشىنغاي!



# 17-دەرس

## كانۋاي كۆڭلەك

بوۋامدىن يادىكار قالغان ئاشۇ كانۋاي كۆڭلەك كونىراپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەتىۋارلىق ئىدى. بۇ كۆڭلەكنى بوۋام ئوتۇنچىلىق قىلىپ يۈرگەن 15 ياش چېغىدا ئانىسى ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەرگەنىكەن. بوۋام كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بۇ كۆڭلەكنى يېنىدىن ئايرىماي ئاۋايلاپ ساقلىغان، پەقەت ھېيت-ئايەم ياكى بەزمە-باراۋەتلەردىلا كىيگەنىكەن.



دىمىسىمۇ ھاۋا رەڭ شايىغا يۇقىرى ماھارەت بىلەن كەشتىلەنگەن گۈل ئاجايىپ نەپىس ۋە چىرايلىق ئىدى. كۆڭلەكنىڭ ياقا، يەڭ ۋە ئالدى تەرەپلىرىگە زىچ ھەم ئىنچىكە كەشتىلەنگەن گۈل نۇسخىلىرىدىن بىر خىل جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. مەنمۇ ئۇنى پەقەت ھېيت-ئايەم ياكى مەكتەپتە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن چاغلاردىلا كىيەتتىم. كۆڭلەكنى بەزى ئوقۇتقۇچىلار كۆرۈپ ماختىشىپ كەتسە، ساۋاقداشلار ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ قالاتتى. دوستلىرىم بىرەر ئىشى بولۇپ قالسا، كۆڭلەكنى بېرىپ تۇرۇشۇمنى ئۆتۈنەتتى.

ئەتىيازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى، يېزىدىكى تاغام ئوغلى مەسئۇتنى باشلاپ ئۆيىمىزگە كەپتۇ. كەچتە ئۆيگە كەلسەم، ئۇلار تاماق يەۋاتقانىكەن. خوشلىشىش ئالدىدا، ئاپام يېزىدىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭ بالىلىرىنىڭ كىيىشى ئۈچۈن، مېنىڭ بەزى كونا كىيىم-كېچەكلىرىمنى ئېلىپ بەردى. ئاندىن ئۇ يەنە نېمىنىدۇر ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىتتىك ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئانچە ھايال بولماي، مېنىڭ كانۋاي كۆڭلىكىمنى ئېلىپ چىقىپ، مەسئۇتقا كىيگۈزۈپ قويدى.

ئاپتورى: ئىقبال تۇرسۇن

مەن لىۋىمنى چىشلەپ "ئاپلا!" دەپ قالدىم.

تاغام بالىجانلىق كىشى بولۇپ، بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىكى بىر نەچچە مو ئېتىزغىلا قاراشلىق ئىدى. بىراق، ئۇلار ھەر قانچە نامرات بولغان تەقدىردىمۇ، ئاپام كانۋاي كۆڭلىكىمنى ئۇلارغا بېرىۋەتمەسلىكى كېرەك-دە !

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، دومسىيىپ :

ـ مىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلىكىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نىمىشقا ئۇنى مەسئۇتقا بېرىۋېتىسىز؟ ـ دېدىم.

ـ ئوغلۇم، ـ دېدى ئاپام ئەستايىدىللىق بىلەن، ـ كانۋاي كۆڭلەكنى بوۋاڭ ساڭا يادنامە قىلغان، ئۇ سېنىڭ ھېچنىمىگە تېگىشمەيدىغان نەرسەڭ، بۇنى ئوبدان بىلىمەن. بىراق ئۇنى مەسئۇتقا بېرىشىم، سەھرادا ياشايدىغان ئاشۇ تۇغقىنىڭنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ياخشى ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن. قانداق، قىلغىنىم توغرا بوپتىمۇ؟

مەن ئاپامنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئامراقلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدىم.



## كۆنۈكمە

1.تېكستنى ھېسىياتلىق ئوقۇڭلار، ئاندىن تېكستتە نىمە ئۈچۈن "كانۋاي كۆڭلەك" دەپ ماۋزۇ قويۇلغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىڭلار.

2.تېكستتىكى يېڭى سۆزلەرنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

3."مەن" نىڭ ئاپىسى نىمە ئۈچۈن كانۋاي كۆڭلەكنى بېرىۋەتتى؟ بۇنىڭدىن نىمىنى كۆرۈۋالالايمىز؟

4.ئۆزۈڭلەرگە تەسىر قىلغان جۈمىلىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

5.بۇ تېكستنىڭ مەزمۇنىنى قانداق ماقال-تەمسىلگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن؟ ئويلىنىپ بېقىڭلار.







# 18-دەرس

## ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا - ئارانى

ئۇيغۇرلار ئولتۇراق ئۆيگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىگە خاس ھويلا-ئاران مەدەنىيىتى ياراتقان.

يېشىللىقنى سۆيىدىغان ئۇيغۇرلار ھويلا-ئاران قىلىشقا سۇيى ئەلۋەك جاينى تاللايدۇ. ئۆي سېلىشتىن بۇرۇن باغ قىلىدىغان يەرگە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، تۇپراققا ماس كېلىدىغان كۆچەتلەرنى تىكىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا-ئارانى ھويلا، ئۆي، باغدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھويلىنىڭ ئالدىغا نەقىشلىك، قوش قاناتلىق دەرۋازا قويۇلىدۇ. دەرۋازا ئالدىغا ئېرىق كەلتۈرۈلۈپ، كۆۋرۈك سېلىنىدۇ. ئېرىق بويىغا كۆپۈنچە ھالدا ئۈزمە تىكىلىدۇ. ئۈزمە تۈۋىگە ياز كۈنلىرى سايىداپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن سۇپىچاق (سۆكچەك) ياسىلىدۇ. ئېرىق قېشىنى بويلىتىپ سۆگەت، تېرەك، سىدە قاتارلىقلار تىكىلىدۇ.

توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، مېھماندارچىلىق ۋە ھەرخىل مۇراسىملار ھويلىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ھويلىنىڭ چوڭ، كۆركەم بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھويلىغا باراڭ ياساپ، ئۈزۈم تاللىرىنى ئارتىدۇ. قاپاق تېرىپ باراڭغا چىقىرىدۇ. ياز كۈنلىرى باراقسان كۆكلەپ كەتكەن بۇ ئۈزۈم تاللىرى ھويلىغا سايە تاشلاپ كىشىگە راھەت بېغىشلايدۇ. ھويلىدا گۈل ئۆستۈرۈلىدۇ ياكى گۈل تەشتەكلىرى قويۇلۇپ، سۆگەتگۈل، قوغۇنگۈل، ئەتىرگۈل،

نامازشامگۈل قاتارلىقلار پەرۋىشلىنىدۇ. باش باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە دەل-دەرەخ، گۈل-چېچەكلەر ھەرخىل تۈسكە كىرىپ ھويلىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.

ئۆينىڭ يان-ياكى ئارقا تەرىپىگە يەنە بىر ھويلا چىقىرىلىدۇ. بۇ ھويلىغا ئېغىل، كاتەك، سامانلىق، ھاجەتخانا سېلىنىدۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلار باغخۇمار خەلق بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقىسىغا باغ ئەھيا قىلىدۇ. باغقا ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ياڭاق، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىدۇ. باغ ئەتراپىنى سوقما تام ياكى جىگدە بىلەن قورشاۋغا ئالىدۇ. باغدا مەلۇم مىقداردا بوش ئورۇن بولۇپ، بۇ يەر «كۆكتاتلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆكتاتلىقتا پىياز، سەۋزە، چامغۇر، پەمىدۇر، مۇچ، كۈدە، كاۋا قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلىدۇ.

باھاردىن تاكى كەچ كۈزگىچە يېشىللىققا پۈركەنگەن ھويلا-ئاراندا تەبىئەتنىڭ ھەرخىل نېمەتلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرسا، پېشايۋانغا ئۇۋا ياسىغان قارلىغاچنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرى، كەپتەر ھەمدە دەل-دەرەخلەرگە ئۇۋىلىغان كاككۇك، تومۇچۇق، قۇشقاچلارنىڭ ئۈنلەشلىرى، كۆنەك تۇتقان ھەرىنىڭ گىژىلداشلىرى، قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھاۋششلىرى... ئانا تەبىئەتنىڭ سېھرى كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ ۋە ھويلا-ئاراننى تېخىمۇ سۆيۈملۈك قىلىۋېتىدۇ.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، يېڭى سۆزلەرنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلەرگە كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.
2. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ، قانداق تەرتىپ بويىچە يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار
3. ۋەتەننى سېغىندىڭلارمۇ؟ ۋەتەندىكى ھويلاڭلار قانداق ئىدى؟ ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

ئاپتورى: ئوسمان ئىسمائىل تارىم



# 19-دەرس

## ئوغلاق تارتىشىش

ئوغلاق تارتىشىش-ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» دەۋرىنىڭ يالدامىسىدۇر. بۇ ئويۇن ئادەملەرنىڭ باتۇرلۇق ۋە جەڭگىۋارلىق خىسلىتىنى نامايەن قىلىدىغان ئات ئۈستى مەشىقى بولۇپ، ئاتنى ئەڭ بۇرۇن قولغا كۆندۈرگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى مۆئەييەنلەشتۈرۈلمەكتە.

ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇسابىقە شەكلىدە توي-تۆكۈن، ھېيت-مۇراسىم پائالىيەتلىرىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش كۆپرەك چارۋىچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەردىن چەترەك يېزا ـ قىشلاقلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنداق يۇرتلارنىڭ كۆپچىلىكىدە مەخسۇس ئوغلاق تارتىشىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن چەۋەندازلار بولىدۇ. ئۇلار ئوغلاق تارتىشىش خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان ئالاھىدە تەربىيىلىگەن ئاتلىرىنى مىنىپ، يۇرت-مەھەللىلەر بويىچە سەپ تارتىپ بەلگىلەنگەن ئوغلاق تارتىش مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشىشقا قاتنىشىدىغان چەۋەندازلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان ئىككى تەرەپ تەييار بولغاندىن كېيىن، مۇسابىقىنى تەشكىللىگۈچى شەخس ئالدىن تەييارلىغان ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسابىقە باشلىنىدۇ. ئېتى يۈگۈرۈك ماھىر چەۋەنداز بەس-بەس بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، ئوغلاقنى بۇرۇن ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ. ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ ئۆزەڭگە ئاستىغا ياكى تېقىمغا بېسىۋالغۇچى ئوغلاقنى باشقىلارغا تارتتۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن نىشانغا قاراپ قۇيۇندەك چاپىدۇ. قارشى تەرەپ ئۇنى قوغلايدۇ.

يېتىشتۈرۈلگەن چەۋەندازلار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوغلاقنى تالىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئوغلاق تارتىشىش جېڭى باشلىنىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئوغلاقنى ئېلىپ قېچىش يۆنىلىشىنى توسىدۇ. ئېتى كۈچلۈك، قاۋۇل چەۋەندازلار غۇژمەك بولۇۋېلىپ ئوغلاق تالىشىۋاتقان جەڭ سورۇنىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇنداق قايتا-قايتا تالىشىش، تارتىشىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا كىم ئوغلاقچىلار توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن پەللىگە تاشلىيالىسا، (ئوغلاق تاشلاش نىشانى كۆپىنچە ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىدىن يىراقراق بولغان مەلۇم يۇرت ئىچىدىكى ئابرويلۇق بىر ئادەمنىڭ ئۆيى ياكى چەترەك بىر جايغا نىشانلاپ سىزىلغان چەمبەر قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.) شۇ تەرەپ غەلبە قىلغان بولىدۇ. ئوغلاق تارتىشتا غالىپ كەلگەن تەرەپ ئوغلاق تارتىششنى تەشكىللىگۈچىلەر تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتلىنىدۇ. ئوغلاق تاشلىغان ئۆي ئىگىسى بۇ ئويۇن شەرىپىگە زىياپەت بېرىدۇ مەشرەپ ئۇيۇشتۇرىدۇ. ئۇتۇپ چىققان ئاتلارنىڭ بېشىغا قىزىل تاۋار باغلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۇرت-مەھەللىلەر بويىچە كوللىكتىپ ئىككى سەپ بولۇپ ئوغلاق تارتىشتىن باشقا يەنە ئىككى چەۋەنداز ئارىسىدا يەككمۇ-يەككە ئوغلاق تارتىشىش ئۇسۇلىمۇ بار. ئۆز يۇرتلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىككى چەۋەنداز مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، تەييارلانغان ئوغلاق مەيدانغا تاشلىنىدۇ. ئۇلار يەردىكى ئوغلاقنى تارتىششقا باشلايدۇ. كىمنىڭ كۈچى ئارتۇق، ئېتى كۈچلۈك بولسا، شۇ كىشى ئوغلاقنى تارتىۋالىدۇ. يەككە تىركىشىش ناھايىتى جىددى بولىدۇ. تىركىشىش نەتىجىسىدە ئوغلاقنى



قولدىن بەرمىگىنى غەلبە قىلغان بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق يەككە ئوغلاق تارتىشىش كىچىكرەك دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئات ئۈستىدە ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ئىچىدە ئوغلاق تارتىشىشتىن باشقا يەنە " ئات بەيگىسى"، "تەڭگە ئېلىش"، "قىز قوۋلاش"، " ئات ئۈستىدە كۆچ سىنىشىش "، "يەردىن ياغلىق ئېلىش" قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلارمۇ بار. بۇ ئويۇنلار كۆچلۈك جەڭگىۋارلىقنى تەلەپ قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

## كۆنۈكمە

1. ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىدىن بىرى بولغان ئوغلاق تارتىش ھەققىدە بۇرۇن ئاڭلىغىنىڭلار بولسا سۆزلەپ بېقىڭلار.

2. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئويۇنلىرى ناھايىتىمۇ مول. سىز بىلىدىغان بىرەر ئويۇننىڭ تەپسىلىي جەريانىنى تونۇشتۇرۇپ بىر ماقالە يېزىپ كېلىڭلار ھەمدە تەنەپپۇس ئارىلىقىدا ساۋاقداشلار بىلەن بىرلىكتە ئويناپ بېقىڭلار.

3. ئاتا-ئانىڭلاردىن كىچىك ۋاقتىدا قانداق ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقى ھەققىدە سوراپ بېقىڭلار ۋە ھازىرقى ئويۇنلار بىلەن بۇرۇنقى ئويۇنلارنىڭ قانداق ئوخشىمايدىغان تەرىپى بارلىقى تەھلىل قىلىپ بېقىڭلار.

4. ئوغلاق تارتىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ ئادەمنى روھى جەھەتتىن جۇشقۇنلۇققا ئۈندەيدىغان قانداق ئىجابىي تەرەپلىرى بولىشى مۇمكىن؟ ئويلىغانلىرىڭلارنى بايان قىلىپ بېقىڭلار.



# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرى

## ھالەت

جۈملىلەردە بەزى ئەگەشمە بۆلەكلەر ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئېنىقلاپ، شۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ قانداق، قاچان، قەيەردە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن:

1. ئۇ ئەقلىنى ياخشى ئىشلىتىپتۇ.

2. مەن تۈرك تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيمەن.

3. پاكىزات ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۈگۈنكى پۇتبول مۇسابىقىسىگە قاتنىشالمىدى.

4. بىز نومۇر تەييارلىغىلى كەلدۇق.

1- جۈملىدىكى ‹ياخشى› دېگەن سۆز ‹ئىشلىتىپتۇ› دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش سۈپىتىنى، 2- جۈملىدىكى ‹راۋان› دېگەن سۆز ‹سۆزلەيمە› دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، 3-جۈملىدىكى ‹ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن› دېگەن سۆز ‹قاتنىشالمىدى› دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىنى، 4- جۈملىدىكى ‹نومۇر تەييارلىغىلى› دېگەن سۆز ‹كەلدۇق› دېگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەقسىدىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالەتتە بولغىنى، ئورنىنى، جايىنى، مەقسىتىنى، سەۋەبىنى بىلدۈرگەن ئەگەشمە بۆلەكلەر ھالەت دېيىلىدۇ.

ھالەت ئادەتتە پېئىلدىن بولغان خەۋەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. ھالەتلەرگە <قانداق؟ قانداق قىلىپ؟ قاچان؟ قەيەردە؟ نەدە؟ قەيەردىن؟ نەدىن؟ قەيەرگە؟ نەگە؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟> دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار بېرىلىدۇ.

مەسىلەن:

1.ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا (قانداق؟) ئۆزگەردى.

2.ئۇلار بۈگۈن (قاچان؟) ھايۋانات باغچىسىغا (نەگە؟) باردى.



3.ئاكام ئۈرۈمچىدىن (نەدىن؟) كەلدى.

5.ھەددەم ئوقۇغىلى (نېمە قىلغىلى؟) بارغان.

6.ئادىل ئاغرىپ قېلىپ (نېمە سەۋەبتىن؟) كېلەلمىدى.

## ئىشلەپ بېقىڭلار

1- تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھالەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارغا سوئال بېرىڭلار.

تاڭ ئاتقاندا بىر توپ بالىلار دەرياغا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيدىن چىققاندا كۈن قىزىرىپ چىققانىدى. ئۇلار يېرىم يولغا كەلگەندە قاتتىق شامال چىقتى. ئاسماننى بىردەمدە بۇلۇت قاپلىدى. يالغۇر قاتتىق ياغدى. يامغۇر چاپسانلا توختىدى. بىرئازدىن كېيىن يامغۇر يەنە شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. بالىلار ئىككى توپ يوغان دەرەخنىڭ تۈۋىگە يۈگۈرۈپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇلار يېرىم سائەتكىچە قوزغالماي تۇردى. كۆپ ئۆتمەي يامغۇر چىپپىدە توختىدى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈن پارقىراپ چىقتى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ دەرياغا كەلدى.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق ھالەتلەرنى قويۇڭلار

1. مەن________ مەكتەپكە بارىمەن.

2. ئەسقەر بىلەن ئەنۋەر________ مۇزاكىرە قىلدى.

3. گۈلنار________ ئۇچۇن ئۇ كىنونى كۆرەلمىدى.

4. دادام________ قايتىپ كەلدى.

5. مەن مەكتەپكە________ كەلدىم.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملە تۈزۈڭلار. بۇ سۆزلەر جۈملىدە ھالەت بولۇپ كەلسۇن

قىزىقىپ / چاپسان / باغقا / بىردىنلا / تۈنۈگۈن



## باللارغا نەسىھەت

بىر پادىشاھ نەۋرىسى بىلەن سەيلە قىلىۋاتسا، بىر قەلەندەر ئۇنىڭغا تەزىم-بىجا قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. پادىشاھ دەرھال قەدىمىنى توختۇتۇپ، ئۇنىڭدىن بەكرەك ئىگىلىپ سالام بېرىپتۇ. نەۋرىسى ھەيران قېلىپ:

-قەلەندەرگىمۇ شۇنچە ھۆرمەت قىلغان بارمۇ؟-دەپتۇ. پادىشاھ جاۋابەن:

-ھا ھا ھا...، قەلەندەرنىڭ دۆلەت باشلىقىدىنمۇ ئەدەپ- ئەخلاقلىق بولۇشىغا يول قويمايمەن ئوغلۇم!-دەپتۇ.

مەن ناھايىتى مۇنەۋۋەر ياخشى ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقىلار ماڭا ئىززەت-ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ،-دەپ ئويلاپ قالماڭ! بىلىشىڭىز كېرەككى، باشقىلار ئېسىل ئەخلاققا ئىگە بولغاچ، بىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئېسىل

كىشىلەر باشقىلارنى ھەر دائىم ھۆرمەتلەيدۇ. مانا بۇنى "سەۋىيە، ساپا" دەيمىز. كىبىرلىك بىلەن ياشىماق، ئادەمنىڭ بېشىدا مىكىبىر قىسمەت بار. بۈگۈن ئات مىنگەنلەر ئەتىسى پىيادە قېلىشۋاتىدۇ. قۇشقاچ ھايات ۋاقتىدا قۇرۇتنى يېسە، قۇشقاچ ئۆلگەندە قۇرۇت قۇشقاچنى يەيدۇ. ئۇ بىر ھەقىقەت. شۇنداق ئىپسىل ياشاڭكى، سىز بىلەن تونۇشقان ھەر بىر ئادەم تەقدىرىم ئەمەس، تەلىيىم دەپ بىلسۇن.

## ئاساسىي مەشىق

**1ـ ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار.**

1) بۇۋام كىيىنكى كۈنلەردىمۇ بۇ كۆڭلەكنى يېنىدىن ئايرىماي ئاۋايلاپ ساقلىغان، پەقەت ھېيت-ئايەم ياكى بەزمە-باراۋەتلەردىلا كىيگەنىكەن.
(                    )

2) ئۇ يەنە نېمىندۇر ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىتتىك ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.(                    )

3) كانۋاي كۆڭلەكنى بوۋاڭ ساڭا يادنامە قىلغان.(                    )

4) ئۇ ئات ئۈستى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ"ئاتلىقلار مەدەنىيىتى"دەۋرىنىڭ يالدامىسىدۇر.(                    )

5) ئېتى يۈگۈرۈك ماھىر چەۋەنداز بەس-بەس بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، ئوغلاقنى بۇرۇن ئېلىۋېلىشقا تىرىشىدۇ.(                    )

6) تىركىشىش نەتىجىسىدە ئوغلاقنى قولدىن بەرمىگىنى غەلبە قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (                    )

**2ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار**

1)ئۇيغۇرلار ئويۇنخۇمار خەلق، بىز پەقەت ئۇيۇشالمايمىز. (                    )

2)ئۇيغۇرلار قوي ـ كالا بېقىشنى ياخشى كۆرىدۇ(                    )

3) ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىدە ئوغلاق تارتىشىلىدۇ، ئوغلاق تاپالمىسا پاقلاننى تارتىشسىمۇ بولىدۇ.(                    )

4) ئوغلاق تاشلىغان ئۆي ئىگىسى بۇ ئويۇن شەرىپىگە ھەممىسىگە پۇل بېرىدۇ.

(                    )

5) كانۋاي كۆڭلەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن بىرىدۇر.

(                    )

6) ئۇيغۇرلار تاماقنى مېڭىپ يۈرۈپ يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

(                    )

**3ـ تۆۋەندىكى قالايمىقان جۈملىلەرنى رەتلىك جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.**

1) قاراشلىق/ بالىجانلىق/ كىشى/ بولۇپ،/ تاغام/ ئېتىزغىلا/ئىدى/ بىر نەچچە مو/ ئائىلىنىڭ/ تىرىكچىلىكى/ بىر

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

2) تېگىگە/ ئۇنىڭغا/ كۆلۈمسىرىدىم/ ئاپامنىڭ/ سۆزىنىڭ/ بىلەن/ ئامراقلىق/ مەن/ قاراپ/ يېتىپ،

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

3) كۆپرەك/ ۋە/ يېزا-قىشلاقلاردا/ تارتىشىش/ ئومۇملاشقان/ كەڭ/
رايونلىرى/ شەھەردىن/ ئوغلاق/ چەترەك/ چارۋىچىلىق

4) چىرايىغا / تاتىرىپ / مەن/ كەتكەنىدى/ ئۇنىڭ / ئۇ قورققىنىدىن/
قارىغىنىمدا

5) ئويغانسام / بولغانىدى/ چىقىپ / ئۇخلاپ / كۈن

6) مەن /نېمىلا / تەن بەرمەيمەن/ مەيلى/ بولمىسۇن/ قەتئىي/
يېڭىلگىنىمگە/ بۇ قېتىم

7) مەن/ بولدۇم / ئاخشام/ بىلەن/ ئۈلگۈرمەيلا / خوشلىشىشقا / تۈنۈگۈن/
چىقىشقا / ئۇنىڭ / مەجبۇر/ يولغا

8) ئەگىشىپ / ھەممەيلەن / قۇربان / ئالدىراش / بەك / يىغىنلىشىشقا /
كەتتى / بولۇپ / ھېيتنىڭ

## گۈلخۇمار ئۇيغۇرلار

سىز مەيلى ئۇيغۇر خەلق - ناخشا قوشاقلىرىنى ئاڭلاڭ، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈڭ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ گۈلگە باغلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. گۈل- ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىتىك قارىشىدا خۇشاللىق ۋە بەخت- سائادەتنىڭ ھەمدە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولىدۇر. شۇ سەۋەپتىن گۈل سۆيۈش ۋە ئاسراش ئۇلارنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئايلانغان. مەيلى شەھەر، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن ھەر قانداق ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ھويلىسىغا ياكى بېغىنىڭ كۆرنەرلىك يېرىگە گۈل تېرىيدۇ. ئۇلارنىڭ گۈل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ. بىرەر تەشتەك گۈل ئۆستۈرمىگەن ئائىلىلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەم تېپىلىدۇ. تەشتەكتە ئۆستۈرۈلىدىغان گۈللەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىقلاشقان بولۇپ، قىش- ياز دېگۈدەك پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق ھىد بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. يەنە بىرى، گۈل ئېتىزلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ.



كۆپىنچە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ھويلىسى ياكى بېغىدا مەخسۇس گۈل ئېتىزلىرى بولىدۇ. بۇنداق گۈل ئېتىزلىرى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، ھەر خىل گۈللەر ئۆز رېتى بويىچە تېرىلىدۇ. ئېتىز گۈللىرى باھار

بىلەن تەك ھۆپپىدە ئېچىلىپ، كىشىلەرنىڭ زوقىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئېتىزدا ئۆستۈرىدىغان گۈللەر ئىچىدە قىزىلگۈل، ھەر خىل رەڭدە ئېچىلىدىغان ئەتىرگۈللەر كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇيغۇرلار قىزىلگۈلنى ھەقىقەتەن ئەتىۋارلايدۇ. ئۇيغۇرلار قىزىل گۈل ۋە ئەتىرگۈلنى ياۋا جىغانغا ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرىدۇ. قىش كۈنلىرى بۇنداق گۈللەرنى پاخال بىلەن چۈمكەپ يەڭگىل كۆمۈپ قويىدۇ. يەرنىڭ توڭى كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە ئېچىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى چېكىسىگە ياكى مەيدىسىگە گۈل تاقاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ياش ئاياللار ۋە قىزلار گۈل ئېچىلغان پەسىللەردە قۇلىقىغا ياكى چېچىنىڭ ئارىسىغا، يىگىتلەر ۋە بالىلار مەيدىسىگە ياكى قۇلىقىغا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنى قىستۇرۇپ، بەخت ۋە خۇشاللىق ئىستىكىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. ئۇششاق تىجارەتچىلەر دۇكىنىغا ياكى ئوقەت غالتىكىنىڭ ئۈستىگە ھۆپپىدە ئېچىلغان دەستە گۈللەرنى قاداپ خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ھازىرمۇ شەھەرلەردە تىجارەت قىلىۋاتقان كاۋاپچىلار، دوغاپچىلار ،لەڭپۇڭچىلار ۋە يەل-يېمىش ساتقۇچىلارنىڭ غالتەكلىرىدە ، ئاشپۇزۇللارنىڭ پەشخۇنلىرىدا كۆرنەرلىك ھالدا قاداپ قويغان گۈل دەستىلىرىنى ئۇچرىتىسىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەنئەنىسىدە مەخسۇس گۈل ئۆستۈرۈشنى كەسىپ قىلغان"گۈلچى"لەر بولغان. قەدىمكى



خانلارنىڭ ئوردىلىرىغا مۇشۇنداق "گۈلچى"لەر تەكلىپ قىلىنىپ، ئۇلار گۈل ئۆستۈرۈش ۋە گۈل دەستە تىزىشقا مەسئۇل بولغان. قەشقەر شەھىرىدە گۈلچىلىك كەسپى بىلەن داڭق كۆتۈرگەن ھەزرەتلىك مەرھۇم پايامەت سوپىنىڭ نەچچە ئەۋلادى گۈلچىلىك شۇغۇللىنىپ خەلق ئارىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ گۈلخۇمار خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ياكى بېشىغا "گۈل"نامىنى قوشۇپ ئادەم ئىسىملىرى قاتارىدا قوللىنىش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ ھال كۆپرەك ئاياللارنىڭ ئىسمىدا گەۋدىلەنگەن.

مەسىلەن:

رەيھانگۈل، رىزۋانگۈل، رۇشەنگۈل، مېھرىگۈل قاتارلىقلار.

گۈلگە بولغان ئەقىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك قول-ھۆنەر سەنئىتىدىمۇ تولۇق نامايەن بولغان. ئۇيغۇر كەشتىچىلىك سەنئىتىدە ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرىنى نەقىش قىلىپ ئويۇش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار قول ۋە باش ياقلىقنىڭ بۇرجەكلىرىگە پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان رەڭدار گۈل-چېچەكلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى كەشتىلەشتىن باشقا، يەنە ئۆي- ئىمارەتنىڭ تاملىرى ۋە تۈۋرۈكلىرىگە، ساندۇق قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىغا كۆركەم گۈل نۇسخىلىرىنى سىزىدۇ.



## سۆزلەرگە ئىزاھات

### 1- بىزنىڭ مەكتەپ

**جىلۋە:** گۈزەل، نازاكەتلىك ھەرىكەت. رەڭمۇ-رەڭ تاۋلىنىش، كۆركەم كۆرۈنۈش

**ھەۋەس:** بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىش، ئىنتىلىش، ئارزۇ، ئىستەك

**ئىناق:** دوستانە، ئىجىل

**زامانىۋى:** ھازىرقى زامانغا خاس، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە جاۋاپ بېرەلەيدىغان.

**ھەمدەم:** باشقىلار بىلەن كۆپىنچە بىللە بولىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان ئادەم، ئۈلپەت.

### 2- تىمتاس سازلىق

**تىمتاس:** جىمجىت، جىم

**سازلىق:** سۈيى ۋە ئوت- چۆپلىرى بولغان پاتقاق جاي

**خىلۋەت:** كۆپ كىشى بارمايدىغان، ئادەملەردىن، كۆزدىن يىراق، ھېچكىم كۆرمەيدىغان خالىي، چەت ياقا جاي.

**قورۇق تېمى:** ئېكىنزار ياكى باغ، ھويلا- ئاران قاتارلىقلارنى سىرتتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان پاكار تام.

**چەكسىز:** چېكى، چېگراسى يوق، ناھايىتى كەڭ، كۆز يەتكۈسىز، بىپايان

**ھۆسن-جامالى:** ھۆسن ۋە جامال، چىرايى.

**چۈچۈك:** ئاچچىق ئەمەس، ئاچچىق بىلەن تاتلىقنىڭ ئارلىقىدىكى چۈچۈمەل.

**ھېسلار:** ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنىڭ كىشى

مېڭىسىدىكى ئىنكاسى

**مويسىپىت:** چاچ- ساقاللىرى ئاقارغان، ياشانغان، پېشقەدەم.

**ئالامىتى:** بەلگە، نىشانە، ئىپادە.

**جىلۋىلەنمەك:** جىلۋە قىلماق، يالتىرىماق، نۇرلانماق، چاقنىماق، ئەكس ئەتمەك، ئىپادىلەنمەك.

**تېبابەتچىلىك:** تېبابەت كەسپى.

**ۋىجدان:** كىشىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، قىلمىشى، يۈرۈش-تۇرۇشى ھەققىدە جەمئىيەت ۋە خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى.

**ئازابى:** جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى قىينىلىش، ئېغىرچىلىق.

**كەم ئەقىللىق:** دۆتلۈك، ئەقلى كەملىك، ئۇيلانماي ئىش قىلىدىغان ئادەم.

**ئېكولوگىيەلىك:** ئېكولوگىيەگە ئائىت، ئېكولوگىيەگە مۇناسىۋەتلىك

**تەڭپۇڭلۇق:** تەڭپۇڭ بولۇش، تەڭ- باراۋەرلىك.

## 3- بوۋامنىڭ يۇلغۇنلۇقى

**شورلۇق:** شور قىسمى كۆپ، شور قاپلاپ كەتكەن، يۈز تەركىبى كۆپىيىپ يۈزى شورلىشىپ كەتكەن يەر.

**ئوتقاش:** مەشئەل

**ئەھيا قىلىش:** بەرپا قىلىش، بىنا قىلىش

**بارخان:** شامال، بوران قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلى پەيدا بولغان قۇم دۆۋىلىرى، دۆڭلۈك.

## 4- قەشقەرنىڭ تويىسى

**تەقەززا:** ئىنتىزارلىق، تەشنالىق. بىرەر ۋەزىيەت ياكى ھالەتتىن كېلىپ

چىقىدىغان تەلەپ. ئېھتىياج.

**خىزىر:** خىزىر ئەلەيھىسسالام

**شىشىشسەي:** ۋەتىنىمىزگە 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان زالىم خىتاي

**لاداخ يولى:** بۇرۇنقى دەۋرلەردە ۋەتىنىمىزدىن چەتئەللەرگە چىقماقچى بولسا ئۆتىدىغان ئۆتەڭ يول.

**سىقمىدىماق:** چىڭ تۇتماق

## 5. ئىككى دۇنيالىق ۋەتەن

**جىلغا:** تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارلىقىدىكى ساي.

**قاغجىراپ كېتىش:** ئۇسساپ كېتىش، چاڭقاپ كېتىش.

**قەھرى:** غەزىپى، بىر كىشىگە بولغان غەزەپ- نەپرىتى.

**ئېشەكقۇمۇشى:** مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، كونا يىلتىزلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**چاكاندا:** چاكاندا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئۇششاق چاتقال.

**بىيسىلغاق:** كىرىست گۈللەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇرۇقى تۇخۇمسىمان، تېبابەتچىلىكتە يەر ئۈستىدىكى قىسمى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ.

**كاسىلداپ كېتىش:** تىترەپ كېتىش، تۇڭلاپ كەتكەنلىكتىن چىشلىرى كاسىلداپ كېتىش.

**تۇلۇم:** قورسىقىنى يارماي سويغان كالا، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ تېرىسى

## 6. پەخىرلىك ئۇستاز

**ناسا ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى:** ئامېرىكىدىكى ئالەم بوشلۇقىنى

تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئورنى.

**تەرپلىمەك:** ياخشىلىقنى سۆزلىمەك، ماختىماق، ئىنىق قىلىپ ئىپادىلىمەك.

**ئېرىنمەك:** ئىش خوشياقماسلىق، خالىماسلىق، ئېرىنچەكلىك بىلەن قىلىش.

## 7. ئەتىدىكى ئىشلار

**ساقا سوقۇشتۇرۇش:** بىر خىل ئويۇن. ئۇنىڭ ئويناش ئۇسۇللىرى كۆپ، كۆپىنچە ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئۆز ساقىسىنى مەلۇم ئارىلىقتىن بارماقلار بىلەن ئىتتىرىپ قارشى تەرەپنىڭ ساقىسىغا تەككۈزۈش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ.

**سالماق:** ئېغىرلىق، ۋەزىن.

**ئىلھام:** كۆتۈرەڭگۈ ئىجابىي روھ، ئىجابىي غەيرەت ۋە زوق جۇش ئۇرغان ھالەت.

**ئۆكۈنمەك:** بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن قاتتىق پۇشايمەن قىلىش، ئەپسۇسلانماق، ئېچىنماق.

**بىل گايتس:** مىكروسوفت شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى.

**ئېينىشتېين:** گېرمانىيەلىك يەھۇدىي فىزىكا ئالىمى.

**كارخانىچى:** كارخانا باشقۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

**كەشپىياتچى:** كەشپ قىلغۇچى كىشى، ئىخترا قىلغۇچى.

**زىيالىي:** بىر قەدەر يۇقىرى پەن- مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر. پەن- تېخنىكا خادىملىرى.

تاڭ قالدۇرماق: ھەيران قالدۇرماق.

## 8ـ ئاكا-ئۇكا مۇسابايلار

**ئالەمشۇمۇل:** خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. جاھانشۇمۇل.

**قالاق:** تۆۋەن تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالغان. ھازىرقى زامان تەلىپىگە ماس كەلمىگەن.

**ئۇسكۈنە:** ئىدارە- جەمئىيەت. زاۋۇت- فابرىكا. كارخانا ۋە ئائىلىلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر.

**شەمەي:** قازاقىستاندىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى

**ئېگەر:** ئادەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئاساسەن ئاتقا توقۇلىدىغان ئالدى ۋە كەينى قىشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس جابدۇق.

**سوم:** پۇل ئاتالغۇسى.

**قىتئە:** يەر شارىنىڭ دېڭىز- ئوكيانلار بىلەن قورشالغان ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ھەر بىرى.

## 9ـ نۇرلۇق مەشئەل

**پىداكرانە:** ئۆزىنى ئاتىغان ھالدا، بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان ھالدا .

**قەتلى قىلىنماق:** ئۆلتۈرۈلمەك. باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش.

تېنىمەك: بارار جايى يوق، تەمتىرەپ، بېشى قېتىپ يۈرمەك.

## 10ـ ھەقىقەتنى تاپقان خەلق

**شاھ:** پادىشاھ. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىغا ئىگە رەھبەر.

**ئىلتىپات:** كىشىلەرگە ياكى بىرەر نەرسىگە قىلىنغان ياخشى مۇئامىلە. غەمخورلۇق، مېھرىبانلىق.

**بۇرچ:** مەجبۇرىي ئۆتەشكە، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە.

**ھەشقاللا ئىيتماق:** رەھمەت ئىيتماق، بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن مىننەتدار بولماق.

**بىخۇدلاشماق:** بىخۇد ھالەتكە كەلمەك.

**شۇ تەرىقىدە:** شۇ خىل ئۇسۇلدا. مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

**جەزىملەشتۈرمەك:** مۇقىملاشتۇرماق. مەلۇم بىر ئىشقا كۆڭۈل توختاتماق. چىن پۈتمەك.

**پاچاقلاپ تاشلىماق:** كۇكۇم- تالقان قىلماق. كۇمپەيكۇم قىلماق. ۋەيران قىلماق.

## 11- چىن تۆمۈر باتۇر

**ئۈۋغا چىقماق:** ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق، تۈرلۈك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقماق.

**ئارغىماق:** ئالاھىدە نەسىللىك چاپقۇر ئات.

**مورا:** ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن تامغا ئويۇپ ياكى قوپۇرۇپ چىقارغان ئالدى ئوچۇق قۇرۇلما.

**يالماۋۇز:** ئەپسانىلەردىكى ھەر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان ياكى باشقىلارنى سېھرىي كۈچى بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى يەپ تۈگىتىدىغان مەخلۇق. جادۇگەر.

**تۈگۈلۈك:** كۈن نۇرى چۈشۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئېچىلغان تۆشۈك.

## 12- ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك

**پاناھ:** ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى، ھىمايە.

**چاڭگا:** ئۇچار قاناتلارنىڭ دەل-دەرەخلەر ۋە تام تۆشۈكى قاتارلىق جايلارغا ياسىغان تۇرار جايى. ئۇۋا.

**لەش:** لەش ئائىلىسىدىكى سۇدا ياشايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئادەتتە كۆل ياكى توختام سۇلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ھاماقەت:** ئەقىلسىز، ئەخمەق، نادان، دۆت.

**چال:** ياشانغان ئەر كىشى، بوۋاي، مويسىپىت

**كاشتان:** دۇب دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك تۈك بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ ئاق، مېۋىسى قاتتىق، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ. قوۋزىقى بىلەن شاكىلى تېرە ئاسراش ۋە بوياشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مەرتىۋىلىك:** مەرتىۋىسى بار، مەرتىۋىگە ئېرىشكەن. مەنسەپدار. ئەمەلدار.

**چالۋاقاش:** بىرەر سەۋەپتىن باشقىلارغا چېچىلماق، پوزىتسىيە ئۆزگەرتمەك، ئاچچىقلانماق، خاپا بولۇپ سۆزلىمەك.

**ئىززەت:** باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياكى باشقىلاردىن كۆرگەن، ئېرىشكەن ھۆرمەت.

**مەمنۇن:** رازى، قانائەتلەنگەن، خۇرسەن بولغان.

**ئىسىلزادە:** باي ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى ھەم شۇ تەبىقىدىن كېلىپ چىققان كىشى.

**كۈلپەت:** ئېغىر قىيىنچىلىق، ئازاپ- ئوقۇبەت. دەرد- ئەلەم.

**ھەشەمەتلىك:** خىلى ھەشەمەتى بار. داغدۇغىسى كۆچلۈك. دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك. كۆركەم.

**نازۇ-نېئمەت:** ئاتا قىلىنغان تۇرلۇك نېئمەتلەر ۋە يەل يېمىشلەر.

**سەلتەنەت:** خان، ئەمىر- پادىشاھلارنىڭ ھۆكۈمرۇنلىقى ۋە شۇنداق ھۆكۈمدارلارنىڭ قول ئاستىدىكى دۆلەت ياكى ئۇلار يۈرگۈزگەن ھاكىمىيەت.

**پەرمان:** ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىلەن قىلغان بۇيرۇق، يولىيورۇق، قارار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت. بىرەر ئىشنى ئورۇنلاش ھەققىدىكى بۇيرۇق. ئۇقتۇرۇش.

**ياساۋۇل:** بۇرۇنقى خان، پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان قۇراللىق خادىم. ساقچى

**خاقان:** ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئىگە شەخس.

**بەجا:** كۆپىنچە" كەلتۈرمەك، ئەيىپلىمەك" قاتارلىق پېئىللار بىلەن كېلىپ" جايىدا ئورۇنلىماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئادا قىلماق" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

## 13- ئېتىقاد بىلەن مەنپەئەت

**چوقۇنماق:** ئېتىقاد قىلماق. سېغىنماق.

**شېرىك ئەقىدە:** خاتا ئۇقۇم. توغرا بىر ئەقىدىنىڭ بۇزۇلغان شەكلى.

**ماجالى يەتمەسلىك:** كۈچى يەتمەسلىك. ماغدۇرسىز بولۇپ قالماق.

**خىلۋەت:** كۆپ كىشى بارمايدىغان، ئادەملەردىن ، كۆزدىن يىراق خالىي جاي.

**ئېتىقاد:** بىرەر مەسىلەككە، ئىدىلوگىيەگە بولغان ئىشەنچ. ئۇنىڭغا باغلانغان ئۇمىد.

## 14ـ تۈنجى قەدەم

**ئىزدىنىش:** بىرەر ئامالىنى قىلماق، چارە قىلىپ ئىزدىنىش. بىرەر ئىشنى ياخشى ئىشلەش.

ۋۇجۇتقا چىقىرىش مەقسىتىدە ئىشتىياق بىلەن ئىزدىنىش.

**ھايال ئۆتمەك:** ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي، تېزلا.

**پەرداسىز:** پەردىزى يوق، پەرداز قىلىنمىغان. ياسىمىغان .

**كاجلىق:** گەپ يېمەسلىك، جاھىللىق. تەتۈرلۈك.

**مۆجىزە:** كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىش، ھادىسە، نەرسە.

## 15ـ ئىلھام بۇلاقلىرى

**روخسار گۈل:** كىرىست گۈللەر ئائىلىسىدىكى ئىككى ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

**كىسلاتا:** سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ھىدروگېن ئىئونى پەيدا قىلىدىغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمى نامى.

**ئىشقار:** ئىشقارى بار. ئىشقارلىق.

**يەكۈن:** بىرەر مەسىلە ياكى نەرسە ھەققىدە يۈرگۈزۈلگەن پىكىر. مۇلاھىزىنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى.

**ئاللىقاناداق:** قانداقلىقى ئېنىقسىز، قانداقتۇر. نامەلۇم. ناتونۇش.

## 16ـ چاقپەلەك ياساش

**تەڭتۇش:** ياش جەھەتتىن تەڭ، قۇرداش، بىر دېمەتلىك.

**ئىسكىنە:** ياغاچنى ئويۇش، تېشىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئۇچى ياپىلاق ھەم ئۆتكۈر پولات ئەسۋاب

**ئىجتىھات:** زور غەيرەت، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇش. تىرىشىش.

تىرىشچانلىق.

## 17ـ كانۋاي كۆڭلەك

**يادىكار:** بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى شەخسنى ئەسلىتىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، نىشانە.

**باراۋەت:** بىر قانچە كىشىنىڭ بىر جايغا توپلىشىپ قىلغان سەيلە- تاماشاسى.

**يادنامە:** ئۆلەۋچىنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى خاتىرلەپ قەبرە ئالدىغا قويۇلغان تاش ئابىدە ۋە ئۇنىڭغا ئويۇلغان خەت، يېزىق. ئەسلەتمە.

## 18ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ھويلا- ئارانى

**ئەلۋەك:** مول، كۆپ، ئاۋار.

**دەھلىز:** بىر يۇرۇش ئۆينىڭ سىرتقى ئىشىكى بىلەن باشقا ئۆي ئىشىكلىرى ئارلىقىدىكى بوشلۇق، كارىدور.

**جەگە:** ئۆي قۇرۇلۇشىدا خانىنىڭ ئۈستىگە توغرا سېلىنىپ ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىدىغان ياغاچ.

**ۋاسا:** يەرلىك ئۇسۇلدا ئۆي ياپقاندا جەگىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان توغرا بالداق. لىم ئارلىقىغا ئۆلچەپ كېسىپ تەكشىلەپ قويۇلىدۇ.

**سېھرىي:** كىشىنىڭ ئەقىل-ھوشىنى ئالىدىغان، جەلپ قىلىدىغان. سىرلىق.

## 19ـ ئوغلاق تارتىشىش

**چەۋەنداز:** ئات مىنىش، ئات چاپتۇرۇشقا ماھىر ئات ئۈستىدە ئويۇن كۆرسىتىش سەنئىتىنى ئىگىلىگەن ئادەم .

**يوگۇرۇك:** تىز يوگۇرىدىغان، چاپقۇر. ئىتتىك. ئىلدام.

**غۇژمەك:** بىر يەرگە يىغىلغان، توپلانغان.